

باتۇرجان ئاتاخان

# تاجىكىمنىڭ يۈرىكىدە مەن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ھەزرەتئەلى ئەخەت



ISBN 978-7-5373-1743-6

9 787537 317436 >


ISBN978-7-5373-1743-6

（民文）定价：10.00 元

باتۇرجان ئاتاخان

# تاجىكىمنىڭ يۈرىكىدە مەن

( شېئىرلار توپلىمى )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

塔吉克人心目中的我：维吾尔文/巴吐尔江·阿塔汗著. 一喀什：喀什维吾尔文出版社，2008.12
ISBN 978-7-5373-1743-6

I.塔... II.巴... III.诗歌一作品集一中国一当代一维吾尔语　（中国少数民族语言）IV.1227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 213858 号

责任编辑：斯曼古丽·阿吾提
责任校对：拜合提亚尔·阿布力米提

塔吉克人心目中的我

巴图尔江·阿塔汗　著

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168 毫米　1/32 开本 4.875 印张 3 插页
2008 年 12 月第 1 版　2008 年 12 月第 1 次印刷
印数：1—3080　　定价：10.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت

# تاجىكىمنىڭ يۈرىكىدەمەن


ئاپتورى: باتۇرجان ئاتاخان

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14- قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 850×1092م م 1/32،
باسما تاۋىقى: 4.875 قىستۇرما ۋارىقى: 3
2008- يىل 12- ئاي 1- نەشرى
2008- يىل 12- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 1—3080

---

ISBN 978 - 7 - 5373 - 1743 - 6
باھاسى: 10.00يۈەن



قۇياش قوغلاپ ماڭغان كىشىلەر،
مېنىڭ ساددا، سەمىمىي خەلقىم.
ئاپئاق قار ـ مۇز ئويغان نەقىشلەر،
ئۇنىڭ قەلبى، يۈرىكى بەلكىم.

# مۇندەرىجە


قارلىغاچنامە ........................ 1
زۇمرەتتەك ئارچىلار قىيادا مەۋلان ........ 2
كىرپىكنىڭ ئوق ئاتار، شەۋقى ئالار جان ........ 3
ھاسىدىن دېرەك ........................ 4
چوڭ بولغاننىڭ تارتتىم دەردىنى ........ 5
جاھانغا ئىشەن ........................ 6
ئىككى رەقىب رەڭ بېرىدۇ ئالەمگە ........ 8
سېنى دەپ ........................ 9
سېلىكەي كۆكسۈڭدە چوغ چىشلىگەن ياز ........ 10
مېھرىدە قېپقالسۇن سوغۇلماس دەريا ........ 11
قىشتىن قېچىش ........................ 13
كۆنلەرگە باقمەن كۆيلىرىم بىلەن ........ 14
ياز ........................ 15
ئەرنىڭ تۆزى ........................ 16
ئۆتنامە ........................ 17
چاقماق ........................ 18
رەھمىتىم كۆپ ئەنئەنە ساڭا ........ 19
ئىنتىلىش ........................ 21
تاجىكنىڭ ئۆلى ........................ 22
كېچە مېنى قىلىۋالدى غۇنچە ........ 24
ئىشەنمەسلىك چۈشسە ئارىغا ........ 25

شائىرىم دەپ ئېتىراپ قىلسا دىلداشلار................ 26
ياتسىرايسەن نېمىشقىكىن تالڭ ........................ 30
ھايات ................................................ 31
ئاقماقتا تۈيغۇلار باغرىمدا يوروپ........................ 32
ئۆزىنى سورار ئاقىل، مەرد دېگەن........................ 33
«خوش ئامەدى» دېگەن ئاشۇ سۆز ....................... 34
ۋاپاسىزلىق ........................................... 35
گۈزەل ئىدى ئاشۇ چاغلار بەك........................... 36
كۆنۈپ كەتتىم.......................................... 37
نازىلە ................................................ 38
ئۆزۈك ئۆچۈر ......................................... 39
بوۋاي ................................................ 40
قوتاز.................................................. 41
ياشاش دېگەن رىقابەت.................................. 42
ئىككىنچى چارە ....................................... 43
كىلونلانغان يۈرەك ..................................... 44
بىر ئەمەلدار «شائىر»غا .............................. 45
قالارمىز شۇندىلا ھاياتقا يېقىپ ......................... 46
كونا جاي ............................................. 47
قاردىكى سېغىنىش ..................................... 48
نېمىنى دەپ ........................................... 50
باھارغا قىياس قىل سەن مېنى پەقەت....................... 51
ئەۋلادقا قالسۇن ....................................... 52

كۆلكەمدە ........................ 53
باشلىق ساڭا يارايمەن قاچان ........................ 54
ئەزرائىل ........................ 55
ياشلىق تەزكىرىسى ........................ 56
لاياقەتلىك ئەر دېمە مېنى ........................ 57
سېنىڭ شەكلىڭ ........................ 58
ئۆركۈيمەن ئۆزۈمنىڭ ئۈنىدىن ھەتتا ........................ 59
ئاداققى كۈتۈش ........................ 60
تاش ئادەم ........................ 61
بۆركۈتكە ........................ 62
كەنت كېچىسى ........................ 63
پىنھاندىكى چاقىرىق ........................ 64
ئىنتىلىش ........................ 65
يامغۇرلۇق كۈن ........................ 66
ئىككىنچى قەۋەت ........................ 67
بىغۇبار قۇشلاردەك ئاقماقتا پەسىل ........................ 68
زەنجىر ........................ 69
ياشلىقتا شىۋىرلاش ........................ 71
ئۆلسەم ........................ 72
كۆرۈنگەن تاغ ........................ 73
كېرەك ساڭا غەيرىتىم ........................ 74
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم ئەي جان ........................ 75
قايتىپ كەلسە بالىلىقىمىز ........................ 76

بولالمسەن شائىرغا ئايال.......................... 77
شائىرلىقىم چانار ئالدىڭدا ........................ 78
يېشىل مۇھەببەت ........................... 80
ھىجران ناخشىسى ........................... 82
يوقاتمايمەن ئالدىراپ .......................... 83
پاتراق تويۇڭ بولسىكەن دەيمەن................. 85
ئۆزگىنى كۆر، ئۆزۈڭنى كۆزەت ................... 86
جۇۋان قەسىدىسى ........................... 87
قايتۇرۇپ بەر ... ........................ 88
بەخت ۋە بەختسىزلىك ...................... 89
سەن قەلبىمنىڭ قۇياشى بىراق.................. 90
ئىنساپسىزغا ............................ 91
مەڭگۈلۈك سۆيۈش ......................... 92
مۇھەببەت ............................ 94
كىچىككىنە خوشلىشىش چېيى ................... 95
ياشلىرىمدەك كەلمەكتە ئېقىپ ................... 97
ئۆمرۈڭدىن پۈتكىن داستان دەپ ................. 98
سالام ساڭا سۆيۈملۈك ئەتە ...................... 99
سېغىنىش ............................ 100
سەن بار ياققا سالىمەن نەزەر...................... 101
تاغ بالىلىرى ........................... 102
غەلىبەڭگە تەۋررۈك ئاپئاق چاچلىرىڭ................... 104
ئۆز بەختىمنى ئۆزۈم تاپىمەن........................ 105

ئاپئاق ئايدىڭ دۇنيا ياراتقىن ........................ 106
قالاقلىق ................................ 107
قار ۋە مۇزدا يۇيۇنار قىشلاق ........................ 108
يۈرەكتە چايقىلىپ ئۇغۇزدەك باھار ........................ 109
... گە ................................ 110
تېڭىرقاش ................................ 111
تۇغۇلمىغان بەختنى تۇغۇپ ........................ 112
بىر سۆيگۈ بار قەلبىمدە يارقىن ........................ 114
باشقىلارنىڭ بولۇپ كەتتىڭ، ھەي... ........................ 115
سوغۇق سۆيۈلۈش ........................ 116
تۆتىنچى ماي سائەت ئىككىدە ........................ 117
ئامەت ................................ 118
ئۈچىنچى شەخسنىڭ قەلبىدە ........................ 119
بەلكىم ئەمدى شۇنداق قېرىپ كېتىمەن ........................ 120
يەتمىگەندە ئاشۇنداق... ........................ 121
بىز ئۇچراشتۇق ئاخىرى يەنە ........................ 122
گۇۋاھلىق بېرەلمەس ساڭا ۋە ماڭا ........................ 123
رۇس قىزىغا ئوخشايسەن بىراق ........................ 124
ماڭا مېھرىڭ ئاشۇمۇ سېنىڭ ........................ 125
«ياق» دېگەن سۆزۈڭدىن ........................ 126
بەخت دەيمەن ........................ 127
قۇياشقا تۇتاشقان روھ (تارىخىي داستان) ........................ 128

# قارلىغاچنامە

قارلىغاچلار كەلمەكتە ئۇچۇپ،
ئىزدەر ئەنە كۆمۈلگەن دانىنى.
كۆڭلىرىمنىڭ باغرى بەك يۇمشاق،
باقار يۆكسەك بىلىپ ئىنسانىنى.

باھار بەرگەن تەلەيىنى مىنىپ،
ئويىنار غەمسىز، شۇ قەدەر ئەركىن.
قارلىغاچلارغا كېلىدۇ زوقۇم،
بەرمە تەگرىم بۇ زوقىقا تەركىن.

قارلىغاچلارغا كېلىدۇ زوقۇم،
ئۆي ياسايدۇ ھويلامدا تېخى.
كۆڭلىرىمنىڭ مېھرىنى ئۇتۇپ،
قىلىپ قويىدى مېنىمۇ سېخى.

باھار بىلەن كېلىدۇ ئۇلار،
ئۇزىتىمەن باھارنى بېرىپ.
كەلگىن دائىم قارلىغاچلىرىم،
كۇتۇش دېگەن كەتمەيدۇ قېرىپ.

## زۇمرەتتەك ئارچىلار قىيادا مەۋلان

زۇمرەتتەك ئارچىلار قىيادا مەۋلان،
يىلتىزلار ئەمرىدە ئېرىگەن مەرمەر.
ياپيېشىل مەۋجىدە سەمرىيدۇ ئېھسان،
ئۆچمىدۇ ئىسرىققا پۈركەنگەن يەللەر.

بۈركۈتلەر پەرۋازى بوشلۇقتا سەيلان،
دىللاردا سايىسى قىلىندۇ جەۋلان.
تەبىئەت ئانىنىڭ چۈشىدە ئايان،
قۇچاقلاپ ئۇخلايدۇ چوققىلار مانان.

يېشىللىق قەلبىدە، ئەمەس ئۇ نىقاب،
ياپيېشىل ئەزانى تووۋلايدۇ قىش-ياز.
ئوقلارنىڭ پىتنىسى باغرىنى تىلغاپ
ئۆتسىمۇ، تىك، مەغرۇر يەنە سەرۋىناز.

نېچۈن ئۇ پەرۋىشسىز شۇ قەدەر غىلمان،
سوئاللار چەشلەر دان تۇرقىغا قاراپ.
ئۇنىڭ ئوق يىلتىزى تاشنى قارمىغان،
نېچۈن ئۇ تومۇزدا بولمايدۇ كاۋاپ.

شۇنداق بىر ھەقىقەت سالىدۇ گىرە:
«سۇ، ھاۋا، يەر، گىياھ سىڭىشسە ئۇيقاش.
ھاياتلىق تۇغيانى تۇرىدۇ ئۆرە،
ھەممىنى مۇھەببەت قىلار قەلەمقاش».

# كىرپىكىڭ ئوق ئاتار، شەۋقى ئالار جان

سۇباتىڭ خۇشرۇھتىن توقۇلغان زەرباپ،
كىرپىكىڭ ئوق ئاتار، شەۋقى ئالار جان.
سەن ئۈچۈن يېزىلار ھەر قۇر، ھەممە باب.
گۈللەردەك ئېچىلار دىلدىكى ئارمان.

قۇرغۇيدەك جىلۋەگەدە تىرمىلاپ دىلنى،
تىنچلىقىم باغرىغا ئۇيۇتىسەن قان.
ئالمىنى ئۇزىدۇ مىنگەنلەر پىلنى،
ئەكسىچە ياياقلار پاخشى ھەرقاچان.

دىلىڭنى ئۇتتۇمەن سۆيگۈمنى چىڭقاپ،
لەۋلەردە يالتىرار ئالۇچا ئۇماق.
گاھىدا چاقماقسەن، گاھىدا ئاپتاپ،
تاشتەك ھەم قاتتىقسەن، يىپەكتەك يۇمشاق.



# ھاسىدىن دىرەك

تۇۋلايمەن ھەرقاچان ئۆز ئۈنۈم بىلەن،
تاپىمەن بوردا نان ئۆز تەرىمدە ھەم.
پەقەت شۇ باشقىلار تىكىدۇ كېپەن،
تەن بەرمەي كۆلىمەن ئەگەردە ئۆلسەم.

ئۆزىنى ئۆزى ئاھ، يارىتار ئىنسان،
ئۆز روھىنىڭ ئۆزۈڭنى قىلار مۇستەھكەم.
بىراۋدىن تىلىگەن بەخت ۋە ئېھسان،
دېمەيدۇ ھېچقاچان «دەردىڭگە يەتسەم».

ئۆزلۈكلا نىشانغا باشلايدۇ سېنى،
تايىنىش ــ سەن ئۈچۈن ھاسىدىن دېرەك.
ئاقسىغان پۇتلارغا نەزەر سال قېنى،
بەيگىدە ئۇتۇشقا بولامدۇ كېرەك؟



# چوڭ بولغاننىڭ تارتتىم دەردىنى

(مەرھۇم دادام خاتىرىسىگە)

نەزىرىدە كىچىك بالىنىڭ،
ئۆلمەس ئادەم ئەبەدىلئەبەد.
«ئۇخلىدى» دەپ بىلىدۇ ئۇنى،
«ئۆلۈش» نىمە، بىلمەيدۇ پەقەت.

چىمدىپ قويۇپ مېيىت بۇرنىنى،
يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتەر تالاغا.
ئاشۇ بالا بولسام ئىدىمەن،
چۈشكەن غەمسىز ئۇندا ساماغا.

دادام «كەتمەي» قالارمىدى ـ ھە،
«ئۇخلىدى» دەپ بىلسە يۈرىكىم.
چوڭ بولغاننىڭ تارتتىم دەردىنى،
ۋاقىتسىز ئاھ، سۇندى قانىتىم.

دادام كەتتى بىزگە «خوش» دېمەي،
ئالماي تۇرۇپ بالا «قەرزى»نى.
يامغۇرلىرى ئاققان كۆزۈمنىڭ،
كىممۇ سورار ئەمدى ئەرزىنى؟!

## جاھانغا ئىشەن

مەيلى كۆلدۈرسۇن ياكى يىغلاتسۇن،
سۆيۈملۈكتۇر يەنىلا جاھان.
ھاياتلىقنى كۆكلىتىپ ئۇندا،
ئۆمرىمىزگە پۈتىمىز داستان.

گاھ يامانغا كېلىدۇ ئامەت،
ئەتىۋارلىنار ئەسكىلەر گاھى.
ياخشىلاردىن قاچسىمۇ تەلەي،
لېكىن ئېنىق بىر كۈن سېيماسى.

نۇرلىنىدۇ ئالتۇندەك پارلاپ،
كېلەر نۆۋەت ياخشىغا قوشلاپ.
ئوتتا، سۇدا ئۆتكەنلەر مەغرۇر
ئاشالايدۇ داۋاندىن ئاتلاپ.

بۇ جاھان ھەم سىنايدۇ سېنى،
لازىم شۇڭا، بولمىقىڭ تەمكىن.
ئامەت كەلسە قىنىڭغا پاتماي،
كەتسە شۈكلەپ بولمىغىن غەمكىن.

ئىرىشەلمەس ئاخىرقى نەپكە،
مەڭقەسى يوق ئۆتكەنلەر ھامان.
دەپتىرىگە چۈشەر بىرمۇبىر،
قايسى ياخشى ۋە قايسى يامان.

جاھان ساڭا يازار خۇلاسە،
ھەقىقىتى ئۇنىڭ ساپ، ئادىل.
ئىشەن شۇڭا جاھانغا دوستۇم،
گەر ئۆزۈڭنى سانىساڭ فازىل.



## ئىككى رەقىب رەڭ بېرىدۇ ئالەمگە

چاقمىقىنى چېقىپ تىمتاس داۋامەت،
ياز ھاۋاسى ئامراق يامغۇر تۆكۈشكە.
ھەيۋىتىدە گۈلدۈرماما ئالامەت،
كۆڭۈللەرنى ئورار ئۇماق تەشۋىشكە.

چاڭقاق زېمىن كۈلەر زەمزەم سۇ ئىچىپ،
بىراق، كەلكۈن ئالار گاھى گېلىدىن.
شادلىق دېگەن تۇرماس دائىم نۇر چېچىپ،
گاھى ئوق بوپ تېگەر قايغۇ نېرىدىن.

تەبىئەتكە ئوخشاش قىسمەت ئادەمگە،
كۈلكە - يىغا چىقار يولغا بىر ئۆيدىن.
ئىككى رەقىب رەڭ بېرىدۇ ئالەمگە،
ئەنە شۇنداق ئوت ۋە سۇ بوپ مېھرىدىن.



# سېنى دەپ . . .

سېنى دەپ تىنچ دىلنى قىلدىمەن سەرسان،
سېنى دەپ لېۋىمنى چىشلىدىم قاتتىق.
سېنى دەپ ئىشىكىمنى تاقىدىم ھەرئان.
سېنى دەپ يات لەۋدىن تاپمىدىم شادلىق.

سېنى دەپ بىر ساڭا باغلىدىم رىشتە.
سېنى دەپ ياراتتىم گۈزەل ئېتىقاد.
ئەمماكى بىلمىدىم سېنى تېخىچە.
كۆرمىدىم ۋەسلىڭدىن قىلچە ئىلتىپات.

سېنى دەپ ئازدىم راست، ئۆزۈمنىڭ شورى،
تۈز نىيەت، پاكلىقنى بىلگەچكە مەن تاج.
ئۆچمىسە بولاتتى ھاياتىم نۇرى،
سېنى دەپ ۋىسالسىز ئاخىر بىئىلاج.

## سېلىكەي كۆكسۈڭدە چوغ چىشلىگەن ياز

قەلبىڭدە گۈل بولۇپ ئۈنەي سەرۋىناز،
باھار ئېپ لېۋىڭدە ئالدىمغا كەپسەن.
سېلىكەي كۆكسۈڭدە چوغ چىشلىگەن ياز،
سايەڭنى ئەپ قاچما مېنىڭدىن قەستەن.

سۆيۈشنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ كۈنلەر،
تەگمە، ئۆيۈڭنىڭ كەينىگە ئۆتسەم.
قۇندۇزدەك چېچىڭنى سىيلايدۇ تۈنلەر،
يۆلەنگەن شاخلاردا پىشىپتۇ كۆكلەم.

قەلبىڭدە گۈل بولۇپ ئۈنەي دىلخۇمار،
ھەر سەھەر سىمابتەك شەبنىمىڭنى تۆك.
سەن بەختىم ئېيتىڭىزى، تەردىمەن ئىپار،
ئىپار بەر، بەرمىگىن تەسكەن ۋە سۆكسۆك.



## مېھرىدە قېپقالسۇن سوغۇلماس دەريا

قالدۇ بۇ جاھان ھەركىمدىن ئېشىپ،
توغراقتەك ئۆمۈرچان قىلماپتۇ ئىگەم.
كېتىدۇ ئۆتكەنلەر تاغلارنى تېشىپ،
كېتىدۇ سۇ كەچمەي چوڭ بولغانلارمۇ ھەم.

بەرھەقتۇر ئالغاننى قايتۇرۇپ بېرىش،
ئالدۇق بىز ھاياتنى قىرقىراپ يىغلاپ.
بەختتۇر چىرايلىق دۇنياغا كېلىش،
بەختتۇر ئاداققى كېتىش ھەم ئۇزاپ.

كېتىمىز، قالدۇ ئىزلارنى ساقلاپ،
بىز سوققان سېپىللار، بىز ئاشقان داۋان.
تىرىكلىك تەختىدە بىر-بىرىن ئاتلاپ،
دىللارنى ئاغرىتىش ھەممىدىن يامان.

ئۆتكەنلەر بار شۇنداق ئەل-يۇرتقا كۆيۈپ،
مېھرىدىن مەڭگۈلۈك گۈللەرنى تەرگەن.
ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆتمەكتە سۆيۈپ،
تەھسىن ۋە دۇئالار چىن ئىخلاس بىلەن.

ئۆتكەنلەر بار يەنە روھىنى بۇلغاپ،
ئەل-يۇرتنىڭ پاتمانلاپ قارغىشىن يېگەن.

شۇڭلاشقا مەن دەيمەن: قويايلى ئويلاپ،
ياشاشنى گۈللەردەك جەزبىدار، لەۋەن.

كېتىمىز ھاياتقا قانماستىن ھامان،
قالىدۇ ئۆزىتىپ ئىشىكىدە دۇنيا.
ياشايلى كۈلكىدە جاھان ۋە جاھان،
مېھرىدە قېپقالسۇن سوغۇلماس دەريا.



# قىشتىن قېچىش

شۇنداق بىر كۈنلەردە قار ياغىدۇ، قار،
مامۇقتەك لېۋىنى زېمىنغا سوزۇپ.
مامۇقتەك لېۋىدە ياشايمەن باھار،
كەتمىسە گۈللىرىڭ قەلبىمدە توزۇپ.

ئورمانلار كىيىدۇ ئاق لىباس ئۇندا،
ئاپئاق ئىز كېتىدۇ چىغىر يول بويلاپ.
يۈرىكىڭ ئېرىيدۇ مەن ياققان چوغدا،
قارىشار شىۋاقلار بويىنىنى تولغاپ.

كۆمۈشتەك چاچقۇلار تۆكۈلەر باشتىن،
چۆمىمىز بەختكە، دۇنيانى ئۇنتۇپ.
قېپقالار، چىقالماي بىز سوققان قاشتىن،
قىش بوۋاي تېرىكىپ ھاسىسىن تۇتۇپ.

# كۈنلەرگە باقىمەن كۈيلىرىم بىلەن

كۈنلەرگە باقىمەن كۈيلىرىم بىلەن،
قەلبىمدە ئامەتلەر ئاچماقتا چېچەك.
ياقماقتا لېۋىنى لېۋىمگە چىمەن،
ئېھ، ئالتۇن يۆگەكتە ئالتۇن كېلەچەك.

كۈنلەرنى ئالدىمەن تۈنلەردىن ئۈزۈپ،
ئاقماقتا نۇرلىرى يولۇمدا دەۋرەپ.
قاناتلىق ھېسلىرىم جاۋاھىر سۈزۈپ،
بۇلدۇقلار بۇلاقلار دىلدا كۆۋەجەپ.

يېزىلدى قۇرلارغا شەبنەمدەك ھېكمەت،
قۇچاقلا روھىمنى چىڭ سىقىپ ۋەتەن.
چاچىمەن دىللارغا سۆيگۈدىن ھىممەت،
كۈنلەرنى باقىمەن كۈيلىرىم بىلەن.

# يار

شوٴنچه ئىغىر ياشاشىنىڭ يوٴكى،
ئەزاسىدىن قوٴيوٴلىدوٴ تەر.
مەن ـ مەن دىگەن كىشىنىڭ قەددى
ئىگىلىدوٴ ئۆتكەنچە كوٴنلەر.

هارۋىسىغا ماڭىدوٴ قىتىپ،
چاپتوٴرىدوٴ توٴرموٴشىنىڭ غىمى.
ئاقساشلاردا قەدەملەر ئىلىپ،
چۆروٴلىدوٴ «بەدەل»نىڭ تىمى.

كوٴلدوٴرسە ئوٴ ئاپتاپتەك سىنى،
يىغلىتىدوٴ يامغوٴردەك ئوٴنى.
موٴشەققەتنىڭ دىگىنى هىساب،
مىڭىشىڭ شەرت توٴتوٴپ قولىنى.

شالتاق تەرگە چۆموٴلوٴشوٴڭ بار،
مەنزىلىڭگە بارغوٴچە يىتىپ.
چاچلىرىڭنى كۆمەر ئاپئاق قار،
قىشنى بالدوٴر پومزەكلەپ ئىتىپ.

ۋايىساڭموٴ چىدايسەن ئاڭا،
لىكىن يەنە كىچەلمەيسەن ۋاز.
ئاسان ئەمەس هاياتنىڭ شوٴڭا
ساڭا بىر رەت بىرەلىشى ياز.

# ئەرنىڭ تۈزى

كىرگەن چېغىم سۆيگۈ پەسلىگە،
يۈرىكىمگە ئاققان ئاياللار.
خۇش پۇرىقى تارتقان دىلىمنى،
ئېپ كەلگەندە ئۇنى شامالّلار.

ئۇسسۇلۇقنى تۇتقان، خۇمار قىپ،
لەۋ ئۇرۇشنى گەر توختاتسا «جەڭ».
يۈرىكىمنىڭ زەمبىرىكىدە
ئالغان شۇنداق جانانىمنى مەن.

ئەرنىڭ تۈزى، تۈزى ئاشۇنداق.
تەشنىلەركەن يىگىتلىكىدىن.
بىلەركەنمىز پىشقان چاغدىلا.
ياشلىق نىمە، شاشلىق نىمىكىن؟

# ئوتنامه

يۇرەكلەرنىڭ ئوتى يۇرەكتە،
شۇندىن كىلەر هاياتلىقتا ياز.
كۆڭۈللەردىن سۆ ئىچكەچ كۆڭۈل،
كۆكلەر شادلىق دەرەخلىرى ساز.

يۇرەكلەرنىڭ ئوتى يۇرەكتە،
مېهىر-ۋاپا ئۇندا كۆيگەن چوغ.
ئىللىتىدۇ سوغۇق ئالەمنى،
چېچەكلىتىپ يازلارنى ئۇلۇغ.

# چاقماق

ھەربىر قېتىم ئۇرغان لەھزەڭدە
سىلكىنەر كۆك، سىلكىنىدۇ يەر.
قىلىچسىمان ئەركەك يالتىراش،
دولقۇن يېرىپ تۆكىدۇ كەۋسەر.

ۋەھىمىگە كۆمۈپ ئالەمنى،
تولدۇرىسەن ئىدىشلارغا مەي.
بۇلۇت چىشلەپ بۇلۇت لېۋىنى،
قىلار ئوتلۇق مۇھەببەتنى ئەي.

كۆتۈرگۈزۈپ يازغا ھامىلە،
سەن ئۇۋاڭدىن چىقىسەن شۇنداق.
جۇلا بىرلە ئاسمان ناخشىسى،
دىل تارىمدا ئوينىتار بارماق.

## رەھمىتىم كۆپ ئەنئەنە ساڭا

ھالقىنسامۇ ئوتتۇزدىن ئانا،
مەن بارىمەن يۈزۈمنى تەڭلەپ.
سۆيۈپ، ماڭا بېرىسەن يەنە،
ۋۇجۇدۇمغا مېھىر ھەسسىلەپ.

دادا، سەنمۇ قويىسەن سۆيۈپ
پېشانەمگە ئانامدەك تەبىئىي.
ئالدىڭلاردا تۇرىمەن كۈلۈپ،
مەن ئاشۇنداق يەنىلا سەبىي،

سىڭلىم ئۆتەر قولۇمغا سۆيۈپ،
ھەم شۇنىڭدەك تامامى قىزلار.
تاجىك ئۆتەر شۇنداق كۆرۈشۈپ،
قوللىرىغا سۆيۈشۈپ تەكرار.

بىزدە بارى ئاشۇنداق يوسۇن،
بىزدە بارى ئاشۇنداق ئەخلاق.
دىلغا شادلىق ئاچىدۇ قويۇن،
ئەنئەنىدىن يورۇپ ھەممە ۋاق.

ئەنئەنىدىن جارىدۇر سۆيۈش،
تەندۇر بوۋا چوڭ ـ كىچىك ھەممە.
مېھرىبانلىق نۇرىنى كۆرۈش،
ئەنئەنىدىن نېسىپتۇر بىزگە.

رەھمىتىم كۆپ ئەنئەنە ساڭا،
سەندىن تاپقاي تاجىك ئۆزىنى.
بۇ ئۇدۇمنى بىلدۇرەي ئاڭا،
ئوغۇل ـ قىزىم ئېچىپ كۆزىنى.



# ئىنتىلىش

ئالىمىسىمۇ مەيلى ھېچكىم ئارىغا،
دۇرۇس بولسام خۇشمەن تەنھا يۇرگەندە.
بولالماسمەن دوست شۇ كۆڭلى قارىغا،
خۇشامەتتە دائىم ساختا كۇلگەندە.

ھايات ئۇچۇن پەقەت بىر رەت كېلىمىز،
نېمىشقىكىن يەتمەك قىيىن قەدرىگە.
بەزىمىزنىڭ دەريا بولسا دىلىمىز،
بەزىمىزنىڭ قۇرت پۇتۇلگەن پەيلىگە.

ۋاپاسىزلىق، ئالدىنىشلار-ئالداشلار
قەدەمدە بىر كەيپىمىزنى بۇزىدۇ.
خەنجەر ئۇرار يۇرەكلەرگە كۆز ياشلار،
دېمەك ئادەم بىر-بىرىنى توسىدۇ.

ساداقەت ۋە مېھىر-ۋاپا ئالىمى،
گاھى قويار ئۆز-ئۆزىنى كاچاتلاپ.
ئىشەنچسىز بولۇپ قالغاچ ئادىمى،
بۇلغانماقتا ئەخلاق، مۇھىت كۈن ئاتلاپ.

ئادىمىيلىك خىسلەت بىلەن ياشىماق،
نەقەدەر بىر بەخت، بىلسە ھەر ئادەم.
شۇڭا دەيمەن ئۆز-ئۆزۈمگە: بول يىراق
بەتقىلىقتىن، بەتخۇيلاردىن سەن ھەردەم.

# تاجىكنىڭ ئۆلى

تاجىك ــ بىز خەقلەر سۆيگۈنىڭ قۇلى،
مۇزتاغ كۆتكىنىدەك قۇياش نۇرىنى.
كۆتىمىز غەمخورلۇقنىڭ تىللالىرىنى.
كۆتىمىز
بەختنىڭ ئىشىكتىمىزنى چېكىشىنى،
ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تۆۋەن نومۇردا قوبۇل قىلىشىنى،
كۆتىمىز، كۆچىمەيلا مىليونېرغا ئايلىنىشنى ھەم.

تەمە
پاتقىقىغا كىرمەكتە سۆرەپ
بىزنى، سۆرەپ ماڭغان ئۆكۈز كەتمەكتە جۇدەپ،
مايمۇن چېغىدا دورايدۇ ئادەمنى،
بىز دورايمىز ئۆز-ئۆزىمىزنى.
كىسلارودقا قالدۇق ئۆگىنىپ،
ھاۋانى ئۆز كۆچىمىز بىلەن باقمىدۇق شوراپ.
تايىنىش ــ بىز ئۈچۈن ئۆي خىزمەتچىسى،
ياتىمىز شېشىنى تىكلەپ، تەكىينى قىرلاپ.

ئۆتمەكتىمىز
رىقابەتنىڭ تېزىكى بولۇپ،

ئامەت قاچماقتا ئىزى يوقىلىپ،
پۇتلار ئۆز ئىگىسىنى تاپماقتا،
گەۋدىمىز
بىر پارچە پۇت گۆشكە ئوخشاپ قالماقتا.

يول نوسۇلكىسىغا سىپلىپ بىزنى،
ساۋابنىڭمۇ تىشىلدى قوڭى.
ئەمدى گەپ ئۆزىمىزدە،
ئەقىلنىڭ ئىچىدىكى كۆزىمىزدە.

تايانمىغىن، هاساڭنى تاشلا،
نانلار ئۆز ئوچىقىمىزدا يېقىلسۇن.
«تەييارتاپلىق» سۇنسۇن، چېقىلسۇن!

لەهەڭنىڭ يەيدىغىنى بېلىجان،
رىقابەتنىڭ يەيدىغىنى ئەقلى كور، نىمجان.
ئەتراپىڭغا باق، مېڭىشنى ئۆگەن،
جاپانىڭ تەمىنى تېتىشنى ئۆگەن.

# كېچە مېنى قىلىۋالدى غۇنچە

شېئىر يازسام يازدىم كېچىدە،
ئۇنىڭسىزمۇ ماڭا يوق ئىمكان.
كۈندۈز خىزمەت، مائاش غېمىدە،
روھىم سەككىز سائەتكە قۇربان.

كېچە ماڭا قالماقتا ئوڭچە،
يېمەكتىمەن ھاياتنى بۇلاپ.
كېچە مېنى ئۆزىگە غۇنچە
قىلىۋالدى، ياتىمدۇ پۇراپ.

# ئىشەنمەسلىك چۈشسە ئارىغا

ئىسەنمەسلىك چۈشسە ئارىغا،
ئۆچەر يىنىپ تۇرغان مۇھەببەت.
يىراقلىشار دىللار دىللاردىن،
قول بېرىشكەن دوستلار نىھايەت.

ئىشەنمەسلىك چۈشسە ئارىغا،
يوقار شادلىق، بارچە لاتاپەت.
بوزلاپ نەرە تارتقۇسى ھامان،
ئىشىكلەرنى چۈۋۈپ قىيامەت.



# شائىرىم دەپ ئېتىراپ قىلىسا دىلداشلار

ئۆز يۇرتۇمدا، ئاشۇ تاجىك قوۋمىمدا
مېنى كۆرۈپ باقمىغانلار تېخى كۆپ.
نامىم يوقتۇر تېخى ئۇلار دىلىدا،
شىراز① كەبى تۇرالىغۇدەك نۇر تۆكۈپ.

تاجىك يۇرتى ــ قات-قات تاغلار ئارىسى،
ياشار ئۇلار جىلغىلارنىڭ ئىچىدە.
ئۇلار خۇشال ئاۋۇپ بەرسە پادىسى،
ئالسا ھۇزۇر تەبىئەتتىن ئۆزگىچە.

سۇزۇك ئاسمان، زىلال ئېقىن سۇلىرى،
سۇرىتىنى بېرەر ئۇلار قەلبىگە.
يېشىل يايلاق كۇيناز، مەرۋۇي گۈللىرى
چىللاپ تۇرار كۆڭۈللەرنى سەيلىگە.

كىشنىگەن شۇ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ،
ماڭار، ماڭسا قوتازلارنى قىسىپ «قانات».
سۆڭەك نەينى بەللىرىگە قىستۇرۇپ،
تۇرمۇشىغا ئىزدەر گۈزەل، ئۆز ھايات.

---

① شىراز ــ سەئىدى شىرازىنى كۆرسىتىدۇ.

چورۇق كېيگەن پۇتلىرىنى ئۆزىتىپ،
راۋاب چالار يىتىپ شايى كۆرپىدە.
باللارنىڭ يۈرىكىنى ئويغىتىپ،
ئۇسسۇل بىلەن نۇر تارىتار ئۆيىگە.

مانا بۇلار مېنىڭ دىلكەش تاجىكىم،
غوۋغاسىدىن تۇرار يىراق جاھاننىڭ.
تۆت پەسىلنى ئۆزىتىدۇ بىتىنىم،
چوغلىرىنى ئۆچۈرمەستىن قازاننىڭ.

سودا ئۇچۇن بولماس ئانچە پايپېتەك،
ھاجىتىنى چىقىرىدۇ قوي سېتىپ.
ئەنئەنىگە بېقىپ كەلگەن دىل- يۈرەك،
ساددىلىقى تۇرار دائىم ئۇخلىتىپ!

ئىچىپ قويار قارىماستىن كۆزىگە،
ئاقچا- پۇلنىڭ، تۇرمۇشتا بىپەملىرى.
لېكىن، مېنى تەڭ قىلمايدۇ ئۆزىگە،
يۈرىكىمنى يەيدۇ ئۇلار غەملىرى.

كۆزلىرىمنى يۇمۇپ ئۆتۇش مۇمكىنمۇ؟
نەزىرىمگە چۈشەر بۇنداق ھەرنە ھال.

بۇ دۇنيادا زىبھنى ئۆتكۈر- تۇيغۇنمۇ،
يارىتالماس ئۆز بەختىنى ئىچىپ پال.

ھۆرمىتىم بار سەپ ئالدىدا ماڭغانغا،
تەشەككۈرنى يازدىم. قىلىپ زور ھەۋەس.
ئىلىم بىلەن ئاشسا كىمكى داۋانلار،
يۈكسىلىشكە ئاساس تاپقاي ھەر نەپەس.

بىزدە بارى ئاددىيغىنا كەپە ئۆي،
ماڭغانلار ئاز قىممىتىنى يارىتىپ.
سەن ئۆزۈڭنى قانچە ماختا، قانچە سۆي،
قۇرالمىساڭ بىكار بەيگە، ئات سىبىلىپ.

شۇڭا دائىم بىسەرەمجان ئۆتىمەن،
رىقابەتكە چۈشەلمىگەچ چوڭ - كىچىك.
مەن ئۆزۈمدىن كۈتكەندەك تەڭ كۈتىمەن،
ھەربىر دىلدىن قەد تىكلەشنى مەڭگۈلۈك.

ئىرادە ۋە چىدام بولسا ھەرقاچان،
بەخت سۇنار ئاڭا ئامەت يولىنى.
چىرايىڭدا ئۆتەر سوزۇپ ئۇ سامان،
تەمەخورلۇق سوزسا ئۆكتەم قولىنى.

ئىمكان، پۇرسەت تۇرار مانا قاش ئېتىپ،
بىر-بىرىدىن سەرخۇش، گۈزەل ئاي-كۈنلەر.
گەپ ئادەمدە، ماڭالىسا تاغ ئېشىپ،
قۇچار غەلىبە يەڭ-بىلەكنى تۈرگەنلەر.

شائىرىم دەپ ئېتىراپ قىلسا دىلداشلار،
خىتابىم شۇ: تەڭ قول تۇتۇپ ئۆرلىسەك.
يۇرتنى گۈللەپ، بارچە مىللەت، قۇرداشلار
قاتاردا شەرەپ كۈيىن كۈيلىسەك.



## ياتسىرايسەن نېمىشقىكىن تاڭ

ياتسىرايسەن نېمىشقىكىن تاڭ،
سىڭىپ كەتتىڭ تۇمانلىرىمغا.
بېشى چۈشۈپ كەتتى تاغلارنىڭ،
قىرو چۈشكەچ ئارمانلىرىمغا.

ياتسىرايسەن نېمىشقىكىن تاڭ،
يۈرىكىمدە سوغۇق بىر تىۋىش.
شادلىقىمنى قالدۇرار يېتىم
مەيۈس تۇرقۇڭ، غەمكىن ئۈچرىشىش.

ياتسىرايسەن نېمىشقىكىن تاڭ،
ئايرىپ تۇرار ئارىنى دەريا.
ياتسىرايسەن نېمىشقىكىن تاڭ،
مەن ئەمەستەك ئۆزۈڭنىڭ گويا.



# ھايات

ئاچچىقى بار ھاياتنىڭ بىلسەڭ.
روھىڭ ھەسرەت چېكىدۇ بولۇق.
گويا قىشقا قايتقاندەك ئاسمان،
ھاياتىڭدىن تۆكۈلەر سوغۇق.

ئاچچىقى بار ھاياتنىڭ شۇنداق،
تاتلىقىمۇ تۇرىدۇ كۈلۈپ.
بولالىغاندا ئۇنىڭغا ئورتاق،
روھىڭ بالدۇر كەتمەيدۇ قۇرۇپ.



# ئاقماقتا تۈيغۇلار باغرىمدا يورۇپ

ئاپتاپنىڭ ئەۋجىدە يۈرمەكتە بەرداش،
سىلجىغان شاماللار چېچىمنى تاراپ.
سۆزلەيدۇ خۇيىنى يۈرىكىدىن تاش،
ناخشىدەك بويسۇنغان تاغلاردىن قاراپ.

تىمتاسلىق دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ،
شاۋقۇنسىز قىشلاقتا تاشلايدۇ نەزەر،
دۈپۈلدەر يۈرىكىم ئۆزىنى ئۇرۇپ،
تىۋىشى قاقىدۇ يىراقلارغا پەر.

چۈشتەك بىر ئەسناغا دۇچاردۇر دىلىم،
پىلتىڭلاپ بىلىقتەك ئاتىمەن غۇلاچ.
لەيلەيدۇ كۆزۈمدە ساماۋى ئىقلىم،
سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش قەلبىمنى ئۇتقاچ.

لەيلەيمەن شۇ قەدەر، لەيلەمەن يېنىك،
ياپيېشىل چۆپلۈكتە ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ.
نىمجانمۇ ۋە ياكى مەن ئۇندا تىرىك،
ئاقماقتا تۈيغۇلار باغرىمدا يورۇپ.

## ئۆزىنى سورار ئاقىل، مەرد دېگەن

كەچۈر دوستۇم، كەم سۆز ئادەممەن،
ساددىلىقتا قاپتىمەن چۆكۈپ.
دوست كۆڭلىنى دائىم ئىزدەيمەن،
قاپاق تۈرمەستىن ئۆتىمەن كۈلۈپ.

ساددىلىقىم ھەم تۈز بولغانلىقىم
مېنى ساڭا كۆرسەتتى «ياۋاش».
مېنىڭ يۇمران سۆز، كۆڭۈلچەكلىكىم
قىپ قويدى سېنى شۇ قەدەر قاقۋاش.

مەنچە ئادەم يوق، دەپ ئاھ، ئۆزۈڭچە،
بوزەك ئەتمەككە بىلەيسەن پىچاق.
مەنمۇ ئۆزۈم يەي، سەنمۇ ئۆزۈڭ يە،
تالاشما مەندىن سەرەڭگە، چىراغ.

كەچۈر دوستۇم، كەم سۆز ئادەممەن،
ئۆزىنى سورار ئاقىل، مەرد دېگەن،
قىلالمايمەن چىڭ، ئېغىرراق گەپنى،
چۈشەنگىنسەن خوپ، بۇ ھەقىقەتنى.

# «خۇش ئامەدى» دېگەن ئاشۇ سۆز

تاجىكىمنىڭ شېرىن تىلىدا،
«خۇش ئامەدى»① دېگەن ئاشۇ سۆز:
تەڭرى مېھرى قىلدۇرار جۇلا،
مەيلى ياتتۇر ياكى بولسۇن ئۆز.

تاجىك ئۆيى خانىدانىدا
ئاشۇ بىر سۆز كۆيگەن شام-چىراغ.
كۆڭۈللەرنىڭ گۈلىستانىدا
ئۇ چاچىدۇ ئەتىر-خۇش پۇراق.

ئۇلۇغلىنار مېھمان شاھ سۈپەت،
ئۇندا ھەر سۆز بېرەر ئىسسىق روي.
ئەتكەنچايدىن تەپچىسە لەززەت،
شورپا تۆكەر سەركە بىلەن قوي.

تاجىكىمنىڭ قۇتلۇق كۆڭۈللىرى
ئاشۇ سۆزدىن بولار مۆھتەرەم.
ھوزۇرىدا شادلىق نۇرلىرى
ھەر كۆڭۈلگە بېغىشلايدۇ ئەم.

---

①خۇش ئامەدى — خۇش كېلىپسىز دېگەن مەنىدە.

## ۋاپاسىزلىق

خىيالىمغا كەتتىڭ تۆكۈلۈپ،
دەردىڭ ھېستىن قەلبىم بولدى ھۆل.
ئۇ چاغلاردا ئىدۇق بىر شۇنداق،
ئايرىلالماس بېلىق بىلەن كۆل.

نەملەشكىنى ئەمدى بىر ھايات،
چىرىگىنى ئىستەكلەر، خالاس.
بەتبۇي پۇراق چاچقان دۇنياغا،
نېمە ئۇ ھە، بىلەمسەن ۋىناس؟



# گۈزەل ئىدى ئاشۇ چاغلار بەك

گۈزەل ئىدى ئاشۇ چاغلار بەك،
يايلاقلاردا ئوينايتتۇق قېنىپ.
ئېھ، كىشنىگەن ئاتلارنى كۆرسەك،
ئۈركۈتەتتۇق تېزەكلەر ئېتىپ.

گۈزەل ئىدى ئاشۇ چاغلار بەك،
دىلدا سۆيگۈ ياسىغان چېقىن.
يارىتاتتۇق گۈزەل كېلەچەك،
ئارمانلاردا تۇرۇشۇپ يېقىن.

گۈزەل ئىدى ئاشۇ چاغلار بەك،
سەن شۇ چاغنى سېغىنامسەن، يار؟
ئايرىلىشتىن ئۆلسىمۇ يۈرەك،
شۇ چاغلارنى ئەسلەيمەن، نىگار.



# كۆنۈپ كەتتىم

كۆنۈپ كەتتىم يالغان سۆزلەشكە،
ئۇنىڭسىز دىل تاپمايدۇ ئارام.
كۆنۈپ كەتتىم تەپنى كۆزلەشكە.
يۈزسىزلىكىم شۇ قەدەر قارام.

كۆنۈپ كەتتىم شامالغا قاراپ
ئىش تۇتۇشقا ۋە يول تېپىشقا:
بىركىملەرگە قالدىمەن ياراپ،
شۇ تۈپەيلى قەدەم ئېلىشتا.

كۆنۈپ كەتتىم ھەممىگە شۇنداق.
نەدىن قالدىم ئۆگىنىپ بۇنى.
خىسلەت ئۆلسە، ئۆچەمدۇ قانداق،
ئادەملىكنىڭ دىلدا يالقۇنى؟



# نازىله


(ناخشا تېكستى)

چۆشلىرىمنى ماكان ئەتتىڭ نازىله،
چىرايىمنى سامان ئەتتىڭ نازىله.
مۆھەببەتكە كۆلۈپ باققان دۇنيادا،
قىيناپ بىمار ـ نىمجان ئەتتىڭ نازىله.

نەقرات:
كېلەرسەنمۇ ماڭا گۈللەر قۇچاقلاپ،
ئەقىدىمىز كەتمىسىكەن يىراقلاپ.

بولماسمىدى يېقىن بىللە ئولتۇرۇپ،
ئىچسەڭ چاينى پىيالىنى تولدۇرۇپ.
سۆزۈڭ يوقمۇ بىردەم دىلغا ياققۇدەك،
كۆنلەرنى بى زىبان ئەتتىڭ نازىله.

نەقرات:
كېلەرسەنمۇ ماڭا گۈللەر قۇچاقلاپ،
ئەقىدىمىز كەتمىسىكەن يىراقلاپ.



# ئۆزۈك ئۆچۈر

ئۆزۈمچە تارتتىم دەردىڭنى،
ئىشقىڭ مېۋىسىنى يەپ سالغان چېغىم.
تەلپۈنۈش قەلبىمگە لىق تولغان. ئەمما
قەلبىڭدىن ئەسەر يوق، تۇرىسەنغۇ جىم.

سۆيەلمەسلىكىڭنى بىلەلمەپتىمەن،
ئەبەدىي سۆيگەنلىكىمنى كەچۈر.
يانار تاغقا ئايلاندىم نىكەم،
ئوتۇڭنى ئەمدى كىلىپ ئۆزۈك ئۆچۈر.



# بوۋاي

ماڭلىيىدا چىغىر-چىغىر يول،
ئۇندا تارىخ قاتىنىغان نەچچە.
قاشلىرىدا تۈنەر ئاق بۇلۇت،
تۆكۈپ نۇرىن ساقلىغىنىچە.

كۆز ئالدىمدا ئاقارغان مۇزتاغ،
كۆز ئالدىمدا ئاقارغان دەريا.
ئۇ ياشايدۇ بەرق ئۇرۇپ يەنە
بوستانلارنىڭ يېشىل تىلىدا.



# قوتاز

تانكا مىسال كۆچتە ـ قوۋۇەتتە،
تاغ ـ داۋاندا ماكىسەن ھەيۋەت.
سىنى مىنگەن كىشى راھەتتە،
سەپەر قىلار شاد ـ خۇش داۋامەت.

سەن ئەركىنچە يايلاپ ئوتلايسەن،
بىركىم ساڭا سېلىپ بەرمەس چۆپ.
يەم ـ خەشەكنى كۆتۈپ ياتمايسەن،
يەيسەن تېپىپ ئۆزۈڭ تەر تۆكۈپ.

سەندىكى روھ، سەندىكى خىسلەت
ئېچىپ قويىدى مېنىڭ كۆزۈمنى.
بىزدەكلەردە كۆپ ئىكەن ئىللەت.
سېلىشتۇرسام ساڭا ئۆزۈمنى.

مىنسە ئۇلاغ، يېسە ئوزۇق ـ ئاش،
ئىلىشىڭ يوق، بېرىشلىرىڭ بار،
ئەگدۈرەلمەس زىنھار سېنى باش،
تاغدا يامغۇر، بوران ـ چاپقۇن، قار.

# ياشاش دېگەن رىقابەت

جەم بولساق قورۇق پونى ئېتىشىپ،
ماختاشنى ئۆزىمىزگە تىكلەپ غورۇر.
غەيۋەتنىڭ بەيگىسىدە چېپىشىمىز،
قالمىغۇچە ئاخىرى تىلدا ماغدۇر.

خوت يۆتكەپ يەنە راسا ئىچىشىمىز،
شېشىلەر «سۆيگۈسى»دىن تېپىپ شادلىق.
مەست بولۇپ جالدۇق ـ جۇلدۇق ئېتىشىمىز،
قىلغاندەك نامراتچىلىق بىزگە ئازلىق.

بىز بۇندا شۇنداق ياشاپ ئۆتەرمىزمۇ؟
ئۆزنى ھەم ئۆزگىنىمۇ بىلمەي پەقەت.
ئۆگەنمەي، بەسلىشەلمەي توگەرمىزمۇ؟
چۇشەنسەك ياشاش دېگەن بىر رىقابەت.

# ئىككىنچى چارە

مەن قارايمەن ئوغرىلىقچە، ئاشكارا،
بولدى بۇنداق قىلغىنىمغا ئۇزاق يىل.
كەلتۈرەلمەي سېنى زىنھار، دىلرەبا،
ئازاب چەكتى قەلبىم، گەپتىن قالدى تىل.

سۆيمىسەڭمۇ مەيلى، ماڭا قاراپ قوي،
نىگاھىڭغا تويۇۋالسام كۇپايە.
يازغۇچى بوپ قالسام بىر كۈن، قىلىپ توي،
ئەسىرىمدە يارىتارمەن ھېكايە.



# كىلونلانغان يۈرەك

ئۈمىدىمدەك قارايغان كېچە،
يۇلتۇزلىرى پاتمىغان قىشلاق.
شىۋىرلايدۇ ئاپئاق قار گۈلى،
پۈرىقىنى چاچالماي ھايات.
لەپلەپ ياغار يۇمران تېپىشماق.

ئوغرىلانغان بەخت ئىزىدىن،
قۇپقۇرۇق ھال تۇرار جىلمىيىپ.
ھەقىقەتكە قۇيۇپ بىر رومكا،
شېر تىلىدا سۆزلەتكۈم كېلەر،
ئۆلۈۋاتقان دىللارنى چېكىپ.

ئىشىكى يوق، دېرىزىسى يوق،
ئۆيدە، قۇياش باسىدۇ تۇخۇم.
ئۆز-ئۆزۈمنى ئالالمىدىم ھېچ،
چىقىرىدۇ چۈنكى ئاق بايراق،
قولى چولاق، ئاقسىغان ھۇجۇم.

ۋاقىت چاپار شامالغا مىنىپ،
ئارقىسىغا قارايدۇ يوللار.
مەنىسىنى تاپماقچى بولۇپ،
كىلونلانغان يۈرىكىم .شۇ تاپ،
قەپىسىنى چاقماقچى بولار.

# بىر ئەمەلدار «شائىر»غا

هوقۇقۇڭ بار بىر ئوبدان، ئابرۇيۇڭمۇ خېلى چوڭ،
شەيتانلىقىڭچۇ تېخى، يىگىتلىكتىن يانمىغان.
پۇرسەت كۈتۈپ كۆپ هالدا قىلىۋالىسەن شۇنچە ئوڭ ــ
تەلىيىڭنى، قارىسا هېچبىر غۇم يوق، چانمىغان.

خىجىل قىلىپ هەمىشە «ئەسەر» تەلەپ قىلىسەن،
تارتىشنى نامىڭنى هەر يەرلەرگە، نىشانلاپ.
يازماي، يېزىپ بەر دەيسەن، يۈرىكىمنى تىلىسەن،
ساختا شۆهرەت-نام ئۈچۈن قىلىپ مېنى بىر نىقاب.

نامىڭ چىقىپ، بوپ قالدىڭ مانا ئەمدى «قەلەمكەش»،
ئۆز كۈچۈڭگە تايانغىن، «يۆلىيەلمەس» كەمىنە.
بولسا ئەگەر غۇرۇرۇڭ، ئېيتاي ساڭا، ئەي دىلكەش،
نان تىلىسەڭ تىلىگىن، ئەمما «ئەسەر» تىلىمە.

# قالارمىز شۇندىلا ھاياتقا يېقىپ

ئەسلىسەم، كېلىدۇ كۆز ئالدىمغا دار،
دەردلىرىڭ سىرتماق بوپ بوينۇمغا چۈشەر.
كەتكەنمەن شۇڭلاشقا ئۇنتۇپ سېنى يار،
ئىشقىڭدا يۈرمەسكە بولۇپ قەلەندەر.

پەسىللەر ئالماشتى ئۆزگە رەڭ بىلەن،
دەريادا مۇز توڭلاپ، گاھ ئۆرلىدى سەل.
بەردىمەن سېغىنىش، ياق، ئۇنتۇشقا تەن،
بىر جىمجىت سەزگۈگە بولۇپ ھامان ئەل.

ئەسلىگۈم يوق سېنى، زىنھار ھەرقاچان،
بىز ئەسلىي ئاشۇنداق سۆيۈشكەن رەقىب.
بەخت ۋە شادلىقچۇن ئۇنتۇلساق ھامان،
قالىمىز شۇندىلا ھاياتقا يېقىپ.

# كونا جاي

كەچمىشلەرنى سۆزلەيسەن مەيىن،
ئۇلۇغ ئوبراز يارىتىپ يەنە.
قەلبىم تامان پۇلاڭلىتار قول،
سېنىڭدىكى تونۇش مەنزىرە.

سۆيگۈ قۇچقان ھەر تال ھۇجەيرە،
ئالغان سېنى باغرىغا كۆمۈپ.
ئېھ، مەڭگۈلۈك ئارخىپسەن گويا،
سېغىنىشتا تۇرغان سۆيۈلۈپ.

# قاردىكى سىبغىنىش

ئاشۇ يىلى قار كۆپ ياغقانتى،
كەپىمىزدە قالمىغان ئوتۇن.
قوي ـ ئۆچكىلەر مەرىشەر ئىدى،
قىيا ـ چىيا، ھۇۋلايتتى قويۇن.

كىيىپ دادا، كۆرۈش جۇۋاكىنى،
كەلەنسەرنى ئىلىپ قولۇغا.
ماڭدىڭ قارنى پايمانلاپ،كورەپ،
كىسىپ كەلمەك ئۇچۇن ئوتۇنغا.

ئوتۇن يۇدۇپ كەلدىڭ خىزىردەك،
ئۇستۇڭىشىڭ ئىدى ئاپئاق قار.
ئىسسىغاندا سوغۇق كەپىمىز،
سەزدۇق بۇنى كەلگەندەك باھار.

جىلغىدىكى سامانخانىدىن
پادىلارغا توشۇپ بەردىڭ چۆپ.
ئاشۇ كۈنلەر چىقماس ئىسىمدىن،
ھەممىنى خوش قىلدىڭ كۆيۈنۈپ.

ساڭا ئوخشاش يوّلەنچوّكىمىز
بولغاچقىلا، توّروّپ كەلدوّق دەس.
يەتتىمىزنى قوشتوّڭ قاتارغا،
ئانام بىلەن بولوّپ ھەمنەپەس.

شەھەردىمەن، ھەر يىل ياغسا قار،
ئاشوّ يىلنى ئەسلەپ قالىمەن.
سېغىنىشتا، دادا، بارىڭنى،
كوّزلىرىمگە ياشلار ئالىمەن.



# نېمىنى دەپ ...

نېمىنى دەپ كۆز ئاچىمىز ھاياتقا،
سۆ، ھاۋانى، ئىللىق ماكان، ئاشنىمۇ؟
مۇھەببەتنى كۆزلەپ ياكى مال ـ دۇنيا،
زىبۇزىننەت، جاۋاھىرات تاشنىمۇ؟

نېمىنى دەپ كۆز ئاچىمىز ھاياتقا،
ئۆلۈش ئۈچۈن يا بولۇشقا قۇربانلىق؟
ئېھتىياجنى قاندۇرالماس بۇ ئالەم،
كىمگە نېسىپ ئەبەدىيلىك ئامانلىق؟

نېمىنى دەپ كۆز ئاچىمىز ھاياتقا،
ئەزىزلىكنى كەلتۈرۈشكە يا قولغا.
بار بولغاننى كۆرسەڭ نېمە دېگۈلۈك،
يەتمەك قىيىن نېچۈن كۆتكەن ئارمانغا؟

نېمىنى دەپ كۆز ئاچىمىز ھاياتقا،
قاھ، قاھ كۈلۈپ ياكى يۇم ـ يۇم يىغلاشقا؟
ئۇلارنىمۇ ئۆتتۈق باشتىن كەچۈرۈپ،
ھەتتا ساقال تاشلاپ ئالداپ، ئالداشقا.

نېمىنى دەپ كۆز ئاچىمىز ھاياتقا،
يېتەلمىدىم زىنھار بۇنىڭ تېگىگە.
ياشاپ تۇرۇپ ياشىغاندەك بولمىدىم،
يېتەلمىدىم سوئاللارنىڭ تېگىگە.

# باھارغا قىياس قىل سەن مېنى پەقەت

باھارغا قىياس قىل سەن مېنى پەقەت.
باھارچە بىر يۈرەك چۈنكى مەندە بار.
ئادىمىي روھىمدا ئۈنگەن مۇھەببەت.
گۈل بولۇپ چاچقۇسى پۇراق جىلۋىدار.

باھارغا قىياس قىل سەن مېنى پەقەت،
مەن ھايات تېگىدىن باشلانغان نورۇز.
بارلىقىم ھەم مېنىڭ ئىنسان، تەبىئەت.
بەختىمگە، تەختىمگە ياراشقان زەپ ئۇز.

باھارغا قىياس قىل سەن مېنى پەقەت،
بارچىغا ئىللىقلىق چاچىمەن مەيىن.
ياشاشتا مەن ئۇنى تاللىغان، ئەبەد.
ئۆتسەم دەپ بۇ ھېستىن ياندۇرۇپ چېقىن.

## ئەۋلادقا قالسۇن...

دۇنياغا يارالدىم ۋاقىتلىق ئەمما،
يوللارغا تۆكۈلەر جاراڭلىق ناخشام.
ھاياتقا مەڭگۈلۈك ئەمەسمەن شەيدا،
مەنزىل شۇ ئاخىرقى قۇياشتەك پاتسام.

تاغلارنى مىنىڭ دەپ چىقىمەن قىرغا،
دەرياغا ئۆزلىشىپ بولىمەن لەھەڭ.
بىر ئەركە روھىمنى بىرىمەن قىزغا،
سەزگۈلەر شادلىنار سۆيۈشلەردە ئەڭ.

چېچەكتەك ئېچىلىپ كېتىمەن توزۇپ،
قالىدۇ ئۆز پېتى ۋە لېكىن باھار.
ئۆتىمەن تىنىمسىز مىسرالار تۇزۇپ،
ئەۋلادقا قالسۇن دەپ مەندىن يادىكار.



# كۆلكەمدە

كۆلكەمدە بەرق ئۇرار هايات ئارمىنى،
كۆلكەمدە يېلىنجار بىر سۆزۈك سەھەر.
كۆلكەمدە مۇھەببەت، سۆيگۈ ۋۇلقىنى،
كۆلكەمدە قاقار شاد بەخت قۇشى پەر.

كۆلكەمدە ئالەمنىڭ نازلىق تىۋىشى،
كۆلكەمدە كۈي ـ ناخشا كۆتۈرەر چۇقان،
كۆلكەمدە نەپرەتنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى،
كۆلكەمدە قىرانلىق ياسايدۇ قىيان.




# باشلىق ساڭا يارايمەن قاچان

ئىشتا بولسام تەمكىن، سوغۇققان،
دەپسەن لۆم-لۆم، ئايىغى ئاستا.
يارىمايدۇ چوڭ ئىشقا پەقەت،
ئۆستۈرۈشكە ئۇ بىر لىڭتاسما.

ئۇنى ئاڭلاپ، ئىش قىلسام «چاققان»،
دەپسەن يەنە ئالدىراڭغۇ بەك.
«ھاكاۋۇر» دەپ ئاتاپتىمىشسەن،
سەل قىرلىنىپ يۈرسەم كېيىنرەك.

بىلەلمىدىم، ئۆلچىمىڭ نېمە؟
ئۇنداق-مۇنداق يۈرسەممۇ «يامان»
ئېيتقىنا بىر، ئېيتقىنا زادى،
باشلىق ساڭا يارايمەن قاچان؟



# ئەزرائىل

سەن يېنىمدا ئەركىلەپ بىلەن ياشايسەن،
گۆركارلىقتىن كېلەر ماڭا مۇكاپات.
بەختسىزلىك پەقەت مېنىڭ سۆيگىنىم،
سۇكۇناتتىن شەپە بەرگىن گۇل ھايات.

مەۋجۇتلۇقنى ئىزدەپ يۈرگەن پەرىشتەم،
سېنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىڭدە ئۆلىمەن.
سۇنغان تەشتەك مۇڭسىرايدۇ كېچىدە،
ئادەملىرىم ئېچىلمىغان يەسىمەن.

تەڭرىم مېنى راۋا كۆرسە مۇبادا،
جەننىتىمنى بۆلۈۋالاي سېنىڭدىن.
ئېلىشىڭنى ئېلىپ بولدۇڭ ئاقىۋەت،
جان سورىما بولدى ئەمدى مېنىڭدىن.



# ياشلىق تەزكىرىسى

ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ تامام،
شىۋىرلايدۇ تاتلىق بىر سايە.
ئېھ، بۇ يەردە ئانام ۋە ئاتام
باشلاپ قويغان بىزگە ھېكايە.

قىران چېغى پەسلى ئۆلارنىڭ.
ئاشۇ ھېسلار سۆزلەيدۇ غەزەل.
چۆمۈلەيلى سالقىن باھارنىڭ
شامىلىغا ئەركىن بىر مەھەل.

ئاخىرىنى يازايلى بۈگۈن،
يۇر، ئايدىڭدا ئىزلارنى بويلاپ.
كېلىپ قالار ئەتە. . . يا ئۆگۈن
ئوغلىمىزمۇ بۇ يەرگە ئويناپ.



## لاياقەتلىك ئەر دېمە مېنى...

كۆيۈپ تۇرۇپ ئالغان مەن سېنى،
ئۆمۈرلۈككە ئەھدىم بار ساڭا.
لاياقەتلىك ئەر دېمە مېنى،
گەر قەلبىڭنى قىسپ قالسام يارا

گەر قەلبىڭنى قىسپ قالسام يارا،
ئوماقلارنىڭ رەنجىيدۇ دىلى.
ئەركىلىمەس «دادا» دەپ ماڭا،
(قىز-ئوغلۇمنىڭ تۇتۇلۇپ تىلى).

قىز-ئوغلۇمنىڭ تۇتۇلۇپ تىلى،
ساڭا مەيۇس تىكىلسە ئەگەر.
لاياقەتلىك ئەر دېمە مېنى.
بولالىسام مېھرىبان پەدەر.

ئەسكەرتىمەن، تۇرماي تېڭىرقاپ،
ۋاپا بىلەن ياشا دەپ ھامان.
لاياقەتلىك ئەر دېمە مېنى،
گەر ۋەدەمدە تۇرمىسام جانان.

# سېنىڭ شەكلىڭ

يىپەك تون ئىچىدىن چىققىنىڭ بىلەن،
يالىڭاچ شەكلىڭنى تۇيۇپ تۇرىمەن.
سەن شۇنداق ھېيلىگەر
تۈلكە دوختۇر بولۇپ كەلگەندەك
توخۇ كاتىكىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا
سىغدايسەن ھەممىنى بىرلا كاچكۇلغا . .
سەن ئۇستا يانچۇقچى، تۇيدۇرماي ھەتتا
ئالىسەن كىملەرنىڭ يانچۇقىدىكى
ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان سەھەرنى.
سۈكۈت، بارمىقىڭدىن تامچىغان بەخت،
ئەسلىڭنى يوقىتىپ يۈرىدۇ كۈلۈپ.
سۇباتىڭ چىرايلىق بولغىنى بىلەن.
نەپرەت ئۆيۈيدۇ سېنىڭ جىسمىڭغا.
نەقەدەر دەھشەتلىك يالىڭاچ شەكلىڭ،
كېلىدۇ ھېلىلا پەر تۈزۈپ،
كېلىدۇ قەلبىدىن سۆيگىنى جەزمەن.



## ئۈركۈيمەن ئۆزۈمنىڭ ئۈنىدىن ھەتتا

ياشايمەن ھەمىشە ئېھتىيات قىلىپ،
سۆزلەشتىن، مېڭىشتىن، يېيىشتىن يەنە.
ياشاشنىڭ ئۆتكىلى ھەر كۈنى شۈنداق،
قىپ قويىدى قورقۇنچاق مېنى بىلمەنە.

قورقۇنچاق توشقانغا بولمىغاندەك كۈن،
ئۈركۈيمەن ئۆزۈمنىڭ ئۈنىدىن ھەتتا.
يولۋاسقا يەم بولۇپ ياشىشىم مۇمكىن،
يولۋاسقا ئايلانغان ئادەملەر ئارا.

ياشايمەن ھەمىشە ئېھتىيات قىلىپ.
كىم ئۈچۈن بىلمەيمەن، مەن ئۈنى ئەبەد.
بىلىمەن ۋە لېكىن ئايرىلغىنىمنى.
شۈنى دەپ بەختىمدىن پەقەت ۋە پەقەت.



# ئاداققى كۆتۈش

رېئاللىقتىن غايىب بولغان چۈش
نەلەردىدۇر يۈرەر سەرسانە.
تەنىنى چايناپ كېلەر ئۆمتۈلۈش،
شېرىن ئازاب سۆيگەن دەملەردە.

ئاقار يۇلتۇز، يوقلۇق مۇنچىسى،
پاكلىقىدىن قالغان دۇنيادا.
يېگانە قۇش، يالغۇز ھەممىسى،
يالغۇز ئاققان يالغۇز دەريادا.

رېئاللىقتىن غايىب بولغان چۈش،
مەغلۇپ سېزىم سىرداشتۇر ماڭا.
غۇلىماقتا ئاداققى كۆتۈش
قەھرىمانلىق تۈيغۇسى ئارا.




# تاش ئادەم

تاغلىقلار دەيدۇ بىزنى، بىز تاش ئادەم،
ئەمماكى تاشتىن يۇمشاق تەن ـ دىلىمىز.
تاغلاردىن بىزگە كۆچكەن ئادەم روھى،
تاغ سۈيى ـ ئىبقىنلاردەك ھەم مېھرىمىز.

تاغلارنى سۆيەر داۋام قار ـ مۇز، چېقىن،
ۋە يەنە يامغۇر، شامال ھەر تەرەپتىن.
تاش ئادەم ياشاۋېرەر بىر خىل پەقەت،
توسقۇن ۋە چاچقۇنلاردا ئەندىكمەستىن.

تاغلىقلار دەيدۇ بىزنى، بىز تاش ئادەم،
تاشلاردەك بىرىكىش بار قېنىمىزدا.
بەختىنى تاپالايمىز تاغ روھىدىن،
تاغ گۈلى ئۇنەر ھامان ئىزىمىزدا.



# بۇركۇتكە

روھىڭ پىلىكىدە ياندى ئەرش ــ ئاسمان،
قۇياشنى تۇغدۇڭسەن ۋە بەلكى ئۇندا.
ئاشۇ قانىتىڭدا ئېشىلگەن ھايات،
چېچىلار مۇئەللەقتىن كۆز نۇرۇڭدا.

چوققىلار مايىقىڭنى ئۆتتى قىلىپ يەم،
بورانلارنى ئۇركۇتتۇڭ قاق سەنەم قىلىپ.
تالاي يىل جەسۇرلۇقۇڭ قاتقان كۆزۈمدە،
شۇ قەدەر «بۇركۇت مىللىتى» تۇرار مۇكچىيىپ.

«بۇركۇت» مەن دېيىش نەقەدەر ئازاب.
روھىڭنىڭ ئۇۋىقى تەندە يوق تۇرۇپ.
«يۆلەش»كە كۆنۈككەن ئاجىز ئەقىدە،
ھىدى ھەم تۇرسا ئاھ، قەلبىمنى نوقۇپ.

بۇركۇت، تۇخۇمۇڭدىن بۇركۇتسەن ئەبەد،
پەسلىڭدىن ئاققان نۇر تەگدى يۇزۇمگە.
شۇ سەۋەب ۋىجدانىنىڭ قىلىچىنى يەپ،
يەنىلا يېقىنلاپ قالدىم ئۆزۈمگە.

# كەنت كېچىسى

چۈشلىرىڭگە چىلاپ يېدىڭ مېنى ئېھتىمال،
بىر يەرلىرىم تارتىپ تۇرار مانا توختىماي.
كىرەر دەۋرەپ تۈڭلۈكۈمدىن ئاچچىق ئېسەدەش،
قاغجىرىغان كۆزلىرىمگە شولا تۆكۈپ ئاي.

جىمجىت كەنت ئۇخلاپ ياتار شۇ قەدەر تاتلىق،
خىيالىڭدا ھۆسنۈڭ جېنىم تارتىدۇ سۈرەت.
كۆكرىكىڭدىن سويلاپ چۈشكەن دەقىقىلەرنى
سۈمۈرىمەن مەن يېنىڭدا تاپقاندەك راھەت.

تۈنەشلىرىڭ دەپتىرىدە يالتىرار كېچە.
قارىچۇقلىرىم چامغۇر كۆمگەن بەئەينى ئورەك.
تەنھا تۇرمۇش زۇلمىتىدىن ياداڭغۇ تېنىم،
ئۆيۈم يىراق، چۈشلىرىڭگە تېۋىنار يۈرەك.

كېچە بىلەن گىرەلەشكەن دەردلىك سېغىنىش،
غەشلىك شەھەر جەزبىسىگە بوپ كەلدى ناشتا.
غېرىبانە ھالىتىمنى چۈشەپ قالدىڭ يار،
كەل يېنىمغا سۆيۈۋالاي، شەھەرنى تاشلا.

# پىنھاندىكى چاقىرىق

سۆيۈپ كەلدىم سېنى پىنھان، يوشۇرۇن،
سۆيۈشلىرىڭ شادلىقىمنى پۈتۈنلەر.
ساداقەتتىن كېتەر دىللار نۇر قۇچۇپ،
ۋىسال قۇشى ئۆتسە ھەردەم قېقىپ پەر.

پىنھانىمدا تۇرۇپ مەغرۇر ياشىغىن،
سىرىمىزنى زىنھار ھېچكىم بىلمىسۇن.
ئاتاي مەنمۇ، سەنمۇ ئەبەد ئاتىغىن،
پاك سۆيگۈنى، ئاڭا زەخىم يەتمىسۇن.

شۇنداق ياشاپ، شۇنداق قېنىپ ئالايلى
قىسقا ھايات، شاد تۇرمۇشنىڭ پەيزىگە.
بەخت بولۇپ ھەربىر كۈنگە تارايلى،
بوغۇلساقمۇ گەر ۋىجداننىڭ قەرزىگە.

# ئىنتىلىش

ھەييامنىڭ رومكىسى قوللىرىمدا كۈل،
شىرازى روھىغا كۆمۈلسۇن دىلىم.
«بوستان»دا ئۆگەنسەم مېڭىشنى تەمتەم،
«شاھنامە» بېتىدىن كۆكلىسۇن تىلىم.

دۇنياغا ئەڭ چوڭقۇر مەنىدە باقاي،
ئەركىگە تويۇنغان مىسرالارنى يەپ.
ھاياتنى يارىتاي قۇشلار كۆزىدە،
كەڭلىكلەر باغرىدا مەردانە لەيلەپ.

ھەييامنىڭ رومكىسى قوللىرىمدا كۈل،
«تاش ئادەم» سۆزلىسۇن سەندىن تېپىپ ئەم.
دەردلەنگەن قەلبلەر باھارنى كۆرسە،
چوقۇم بوپ كېتەر يېڭى بىر ئەتەم.



# يامغۇرلۇق كۈن

تۇمانلار باغرىدىن تۇغۇلۇپ سەھەر،
ئاھ، سىيىپ تاشلىدى قۇياش كۆزىگە.
ئىڭگەلەپ يىغلايدۇ قۇشلار تېپىرلاپ،
نەملەشكەن دەرەخلەر چۆككەن سۈكۈتكە.

قەلبىمگە قۇيۇلار دۇنيا تەسۋىرى،
مەن بىلگەن كىملەرنىڭ كارتىنىسى ھەم.
كەلكۈندەك دەۋرىگەن موھتاجلىق ئارا،
غېرىبلىق سەن مېنىڭ سۆيگەن مەھبۇبەم.

پاك ـ پاكىز يۇيۇلغان قىسمەت كىرلىكى،
كۆرۈنمەس ھېچ نەرسە كۆزۈمگە ھەتتا.
نۇر چاچقان مەنزىرە يوقالدى بىردىن،
روھ بىلەن قەلبىمنىڭ ئارىلىقىدا.



# ئىككىنچى قەۋەت

ئوت شارىغا يېقىنلاشقان تەن
سېزىمىدە لەيلەر تەنتەكلىك.
ئۆچۈپ كىرەر قىزلار پەسلىگە
يىگىتلىكنىڭ كەپتەرلىرى جىق.

تەنھالىقنىڭ ئورمانلىرىدا
قۇش ئۈنىدە ئۈنلەر يۈرەكلەر.
جۈپ لەۋلەرنىڭ يۇمران بېتىدىن
ئۈنۈپ چىقار چوغدەك چېچەكلەر.

پىچىرلاشقان دەستە ـ دەستە تەن
هاسىل قىلار ئىككىنچى قەۋەت.
باشلىنىدۇ ئەرلەر كوچىسى
شۇ قەۋەتتىن هامان تۇنجى رەت.



# بىغۇبار قۇشلاردەك ئاقماقتا پەسىل

خىياللار بەستىدىن چۈشمەكتە غۇلاپ
تارتىنچاق بەختىنىڭ سۆيۈملۈك لېۋى.
يامغۇردەك تاراسلاپ ياغقان موھتاجلىق
ئەكېلەر مەستانە ئۆلۈمنىڭ ھىدى.

بۈگۈننىڭ باغرىغا يىقىلغان ئارمان
ماغدۇرسىز دەملەردىن يۇلقۇنۇپ قاچار.
ئاقارغان يوللاردا يۇلتۇز كارۋىنى
قاناتسىز چۈشلەرگە قىلىچتىن ئۇرار.

بىغۇبار قۇشلاردەك ئاقماقتا پەسىل،
سوغۇق بىر ۋۇجۇدقا تامچىلاپ قەدەم.
سارغايغان قەلبىمدە يەنە بۈگۈنمۇ
ئېچىلدى دۇنياغا پىنھان دېرىزەم.

# زەنجىر

مەن
دۇنيا قەغىزى ئۈستىدىكى قەلەم،
يازماقتىمەن ئۆزۈمدەك قىسقا
مۇھەببەتنى ھەمدە نەپرەتنى
تۈگىمەيدۇ ئەمما بۇ قەغەز،
يازغانلىرىم پەقەت نەچچە قۇر،
ئەڭ ئاخىرقى چېكىتتۇر يەنە،
توختاپ قالسا ئەگەر تىنىقىم.

مەن
دۇنيانىڭ كۆكىدىكى يىغلاڭغۇ بۇلۇت،
يامغۇرۇمنى تۆكىمەن
قاقاس چۆلگە، باغقا، قىشلاققا.
چىقىپ قالسا تاسادىپىي شامال،
مېنى پۈركۈپ تاشلايدۇ شۇئان.
كۆك ۋە دالا قالار شۇ پېتى،
يەنە يامغۇر سۆيگەن قىشلاق، گۈلىستان.
مەن دۇنياغا كېلىپ كەتكۈچى،
قالالماسمەن ئەمما بۇ يەردە،
مەڭگۈلۈك بولۇپ كۈتكۈچى.

نېمىشقا،
قەلەم، بۇلۇت بولۇپ قالىمەن؟

يازمىسام دۇنياغا ئۆزۈمنى،
ئادرىسسىز قالمامدۇ دۇنيا.
تۆكمىسەم ۋۇجۇدۇمدىن يامغۇرنى،
گۈلىستانلار بولمامدۇ نابۇت.
قىسقا ياشاش بەختتۇر دىمەك،
ئەمما مۇشۇ قىسقا زەنجىردىن
دۇنيا بارار مەڭگۇ ئۆزۈلۈپ.



# ياشلىقتا شۇئۇرلاش

مەن ساڭا ئېرىشتىم ــ قۇتقا ئېرىشتىم،
سېنىڭدىن بەرمەكچى بولدۇم ئەلگە نەپ.
ۋاقىتتىن ئەقىلنى ئالدىم، ئېگىمشتىم،
ياتمىدىم تۇتۇرۇقسىز خىياللارنى يەپ.

سەن بىلەن يول تېپىش بولدى نىشانەم،
جاپاغا ئۆتۈندۇم ھاياتىمنى مەن.
كۆلسۈن دەپ ساپ تەردىن بەختىم رىسالەم،
بەرمىدىم چارچاش ۋە ھېرىشلارغا تەن.

خەلقىمنىڭ ئۈمىدى بولدى يۆلىكىم،
شۇڭلاشقا مەردانە باستىم قەدەملەر.
ياشلىق شېخىدا سەرخىل چېچىكىم،
مېۋىگە قول سوزدى گۈلگۈن سەنەملەر.

قانداقچە ياشاشنى ئۆگەندىم ھەرئان،
ۋەتەن ۋە مىللەتنى پۈكۈپ قەلبىمگە.
ئىجادنى ئۆزۈمگە ئەيلەپ پاسىبان،
يول ئالدىم كەلگۈسى نىشان ــ پەللىگە.

ئىشەنگىن ياشلىقىم ماڭا ھەرقاچان،
قىلماسمەن ياشاشتا سېنى شەرمەندە.
سەن باركى تېنىمدە، ئەقلىمدە ھامان،
مەن غالىب سەركەردە جەڭدە ــ كۈرەشتە.

# ئۆلسەم

كى بەختىم ـ ئامىتىم دەيمەن، ھاياتقا گۈل بېرىپ ئۆلسەم،
تۈمەن بۇلبۇل ناۋاسىغا چىمەن ـ گۈلزار بېرىپ ئۆلسەم.

ئانامنىڭ ئاق سۈتى سىڭگەن يۈرىكىمنى قىلىپ شامدان،
كۆزۈمنى نۇر ـ زىيا ئەيلەپ گويا شامدەك ئېرىپ ئۆلسەم.

قۇچاقلاپ قانىمدىم ئەسلا ۋەتەننىڭ گۈل ـ گىياھىنى،
سۆيۈشكە ئەرزىگەي مىڭ رەت يەنە قۇچاق كېرىپ ئۆلسەم.

تىرىكلىك بەلگىسى شانىم، ئاۋامغا قۇل بولۇپ ئۆتمەك،
شۇ قۇللۇق ۋەسلىدىن دەرمان تېپىپ ئاخىر قېرىپ ئۆلسەم.

ئىجادنى رەھنەما ئەيلەپ، داۋانلار ئاشمىقىم بەرھەق،
ماڭارغا يول ئېچىپ، تاغنى قىلىپ چاك ـ چاك قىلىپ ئۆلسەم.

يۇمۇلغاي كۆزلىرىم قانداق، ھاياتنىڭ يولىدا غەمسىز
ئۆتۈپ، ئەل ـ يۇرت، يارەنلەرگە بىرەلمەي نەپ، چىرىپ ئۆلسەم.

# كۆرۈنگەن تاغ

سايەڭ بۇدەم چۇشتى بېشىمغا،
بەختتەكلا كەتتىم سۆيۈنۈپ.
قۇياش تامان كېتىۋاتىمەن،
قىيپاش نۇرى تۇرار كۆرۈنۈپ.

يىراقلىدىم جىمجىت خانەمدىن،
بىزارلىقنى كىمگە ئېيتىمەن.
يىراق ئەمەس مەندىن خۇشاللىق
دەپ شۇ تاپتا ناخشا ئېيتىمەن.

يېقىنىڭدا، يېقىن جايدىمەن،
كۆزلىرىمنى كەتتى ئىشقىڭ يەپ.
بىر بەختىنىڭ نۇرى، سىيمايىسى
ۋۇجۇدۇمغا شىۋىرلىدى گەپ.

كۆرۈنگەن تاغ، ئېھ كۆرۈنگەن تاغ.
يارىلىشنى ئىزدىگەن قۇياش.
كۇتمەكتىمەن قايتا كۇلۇشنى.
كۆكرىكىڭگە قويۇپ مانا باش.

# كېرەك ساڭا غەيرىتىم

يىغلامدىكىن بىلمىدىم ئۆۋىسىدا ئانا قۇش،
بالىلىرى ئۆزىنى تاشلاپ كەتسە يىراققا؟
بىراق، ئۆزۈك ئۇستازىم ھاياجاندا ياش تۆكتۈڭ،
قايتقىنىمدا خوشلىشىپ يىراقتىكى قىشلاققا.

شەرىپىدۇر باغۇەننىڭ كۆچەتلىرى، مېۋىسى،
شۇنىڭ بىلەن ھاياتتا قالماس بەلكى ئارمىنى.
ئىشەن ماڭا ئۇستازىم، ئۆزۈك بەرگەن شەربەتتىن
ئۇزدۇم ئەلگە تۇنجى رەت شىپىخىمدىكى ئالمىنى.

تۇرغىنىمدەك بولدۇقلاپ پامىردىكى بۇلاقلار،
دالىلارغا، چۆللەرگە بوستانلارنى قىپ گىرىم.
قەلبىڭدىكى ھېكمەتلەر شۇ بۇلاقتەك ئۇستازىم،
جەمئىيەتكە سۇنماقتا ئەۋلادلارنى بىجىرىم.

شاھ تاجىسى ئەمەستۇر سېنىڭ كىيگەن تۇمىقىڭ،
ئەمما، قىلار شاھقا تەڭ سېنى ئەلنىڭ باھاسى.
ئۇستازىمسەن يورۇتقاچ ئەما دىلنى مېھرىڭدە،
مەزمۇن تېپىپ كۈلمەكتە يۈرەكلەرنىڭ ساداسى.

پۇل ئالمايسەن يا ئالتۇن، ئايان ماڭا ئۇستازىم،
ماڭا قىلغان ئەجرىڭگە سۇنسام ئۇنى تىزلىنىپ.
كېرەك ساڭا غەيرىتىم، چوقۇم رازى بولىسەن،
ماڭسام مۇشكۈل يوللاردا ئەل بەختىگە ئىز سېلىپ.

## بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم ئەي جان

سامانىنىڭ چوغىدەك ۋالىلداپ تۇرغان،
بەھرى يوق، يالقۇنسىز چاكىلداتقان كۆز:
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم، ئەي جان،
ۋولقانىنىڭ تەپتى قەلبىمدە شەكسىز.

يولۋاسنى كۆرگەندە تۇلكىدەك چانغان،
توشقاننى كۆرگەندە بولغان ئاڭا شاھ:
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم، ئەي جان،
مېھنەتكەش بالىمەن ئەقلى بىجىرىم.

ئاغزىدا نى گۈزەل شەھەرنى ئالغان،
پۇ ئېتىپ ھەممىشە بىنىشان يۈرگەن:
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم، ئەي جان،
ساددىلىق راستچىللىق دىلىمدا كۈلگەن.

دوستى دەرد چەككەندە شادىمان بولغان،
دۈشمەنگە باش ئۇرۇپ ئەيلىگەن تەزىم:
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم، ئەي جان،
جىگەرلىك بىر ياشمەن، ۋىجدان ئۈستازىم.

پۇشايمان دورىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان،
ئالتۇندەك پۇرسەتنى ئۆتكۈزگەن بىكار:
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم، ئەي جان،
ياشلىقىم ئىشەنچكە تولغان ئۈمىدۋار.

## قايتىپ كەلسە باللىقىمىز

كېلەتتىڭ شۇ يولدىن قونچاق كۆتۈرۈپ،
ئۆستەڭگە چۆمۈلەتتۇق تارتىنماي بىللە.
سېكىلەك چېچىكنى قوياتتىم ئۆرۈپ،
ئاپتاپقا قاقلىنىپ قىرغاقتا يەنە.

قولۇڭدىن نېنىڭنى قاچاتتىم ئېلىپ،
يىغلايتتىڭ بەرمىسەم «قىرقىراپ» شۇئان.
باراتتىم ئۆيۈڭگە ھەم ھاپاش ئېتىپ،
يالىڭاچ شەكىلدە پەرۋاسىز ھامان.

قېنى شۇ چىغىر يول ۋە تونۇش ئۆستەڭ،
ئۇ يەردە قالدۇرغان ئەستىلىك چاغلار.
چۆلسىرەش ئىلكىدە قارايدۇ ھەر رەڭ،
كۆك تەرگەن ئېتىزلار، گۈل ئۈزگەن باغلار.

بۇرۇتۇم خەت تارتىپ يىگىت ئاتالدىم،
سەنمۇ ھەم ئايلاندىڭ چىرايلىق قىزغا.
كەتكەندەك بىلىندى قولدىن ئامەتىم،
ئۆتمىسەڭ ئىشىكىمدىن، چىقمىساڭ سۇغا.

ئاھ! قايتىپ كەلسىكەن شۇ گۆدەك چاغلار،
ئۆتسەككەن تارتىنىش دېگەننى بىلمەي.
توپىدا ئۆي ياساپ، ئەر-خوتۇن بولۇپ،
يايرىساق شۇ پېتى خۇشال، دەرد چەكمەي.

# بولالامسەن شائىرغا ئايال

مېڭەم چارچاپ ھارغىنلىق يەتتى،
يېزىش ئىشقى قەلبىمدە لاۋا.
ئارمانلىرىم يىراققا كەتتى،
مىسرالاردىن بولغۇم يوق جۇدا.

سوراقلاردىن قاتىدۇ بېشىم،
بىر سېنىلا سۆيسەممۇ بىراق.
چۈشەنمەيسەن كۆڭلۈمنى جېنىم،
پاك قەلبىمدىن چىقىرىپ چاتاق.

شائىر قەلبى ھەممىگە ماكان،
مەۋھۇم ھېستىن تاپىدۇ ۋىسال.
قىلساڭ گۈلۈم ئورۇنسىز گۇمان،
بولالامسەن شائىرغا ئايال...

# شائىرلىقىم چانار ئالدىڭدا


دېھقان
سەن زېمىنغا خوجايىن ـ خاقان،
زېمىن كۆلەر ساپ تەرىڭ بىلەن.
نېمەتلىرىڭ ياسايدۇ كۆندە
ھايات ئۈچۈن ھوسۇللۇق خامان.

سېنى كۆيگە قاتمىغان شائىر
مېنىڭچە يوق دۇنيادا دېمەك.
ئەجرىڭ ئۈچۈن پۈتۈلدى داستان،
سەن ئاجايىپ قەيسەر، ئوت يۈرەك.

تومۇز ئىسسىق
ئورما ئۈستىدە
كۆيۈپ كەتتى يۈزلىرىڭ شۇ تاپ.
پېشانەڭدىن تامچىلار تەرلەر
مۇكچەيگەن شۇ يەلكەڭنى بويلاپ.
ئۇسساپ كەتتىڭ، چارچىدىڭ ئەمما،
ياشاش ئۈچۈن، ياشاتماق ئۈچۈن،
تىرىشىسەن ھەممىگە چىداپ.
سەن ئۈچۈن كۆپ داستانلار يازغان
شائىرلار يوق يېنىڭدا بۇ دەم.
ئورغىقىڭنى ئالالماس ئىسسىت،
قاداق باسقان قولۇڭدىن بىر دەم.

دېھقان،
سەن ئۇلۇغ ئىنسان، سەن ئۇلۇغ شائىر،
ھاياتلىق ئۈچۈن يازىسەن داستان.
داستانىڭنىڭ ھۆزۈرى بىلەن
كۈلەر تالاي شائىر ـ غەزەلخان.

دېھقان
نەزىرىمدە بۈيۈك شائىرسەن.
شائىرلىقىم چانار ئالدىڭدا،
شاگىرتىڭمەن، تۇتقىن يادىڭدا!



# يېشىل مۇھەببەت

ھاياتتا، سۆبھىدەك كۆلۈپ ئويغىنىش،
نەقەدەر سۆيۈملۈك بۇندا بۇ ئەسنا.
ئارچىلار بەرگىدە يېشىل تويلىشىش،
چەكمەكتە ئىلھام تارىنى گويا.

شەلپەردەك قۇتلۇق دەم تۆكۈلەر تاڭدىن،
زەر ھالقا كۆزىدەك نۇرلانغان كەپەم.
سىزىمەن شادلىنىپ سۆپسۈزۈك ئاڭدىن،
ئالقىشقا كۆمۈلەر قەدىمىم ـ پەتەم.

ئاق قۇدەك يامرىغان پادىلار توپى،
ياپيېشىل چۆپلۈككە، چايقىلار سەراپ.
قارىغاي ھۆسنىدە تەبىئەت زوقى،
ئۆڭمەس بىر گۈزەللىك تۇرىدۇ چاقناپ.

كۈمۈش رەڭ چوققىلار بوشلۇقنى تىرەپ
ئاق مانان ئىچىدە بولىدۇ غايىب.
سۆڭەك نەي ئەۋجىدە قەلبىمنى بىلەپ،
كۆي قاتار چوپان قىز سېھرى ئاجايىپ.

بۇ يايلاق، بۇ مېنىڭ تۇغۇلغان يېرىم،
قەلبىمگە مېھرىنىڭ ئوغۇزى تامغان.

چىگىلگەن بەرگىگە يۇمران دىل قېتىم،
شېرىن بىر ئىچكىش قويىنىغا ئالغان.

ئۇ گويا بەختىمگە ئالتۇن بوسۇغا،
قۇيۇچتەك قەددىنى قەددىمگە بەرگەن.
يۆلىدى يۇكسەككە ئەرش ـ ئەلاغا،
دىلىمغا بىھېساب ئەقلىنى تەرگەن.

بايلىقىم بار ھامان يايلاق كەبى كەڭ،
ئېھ، يېشىل مۇھەببەت چېكىدۇ دىلتار.
بېرىمەن ئىجادتىن قىيالارغا رەڭ،
شۇ رەڭلەر ئەكسىدە ھايات جىلۋىدار.



## ھىجران ناخشىسى

لەۋلەردە قىپقالدى مەززىلىك بىر تەم،
قىسمەتلەر تاشلىدى قەلبىمىزگە مۆك.
بەختلىك كۆنلەرنى تىلەيتتۇق ئەركەم،
ئاھ، بۇگۈن ئاجرالدى بەرگىمدىن قولۇك.

بىلىمەن، كۆز ئاچقان ساڭا ساددا خۇي،
بۇ مېنىڭ بايلىقىم، ئامىتىم دەيتتىم.
كىرمىگەن قەلبىڭگە مەندىن باشقا ئوي،
سەن بىلەن ھەمىشە تاڭدەك كۈلەتتىم.

مۇھەببەت ئىلاھى ئاشۇدۇر بەلكىم،
يۈرەككە تۇيدۇرماي ھارارەت چاچقان.
ھارارەت ئىچىدە ياشىسا ھەركىم،
نەقەدەر سۆيۈملۈك بۇ ھايات، بۇ جان.

ۋەلېكىن ئامرىقىم ئاناڭ باغرى تاش،
بەختىڭگە، بەختىمگە قۇردى ئاھ، توساق.
يوقمىدۇ سۆيگۈدە سوتچى ياكى باش،
شۇنداق بىر ئەتىمىشنى قىلىشقا سوراق.

ئايرىلدۇق ئامرىقىم يۇتۇپ مۇڭ ـ ھەسرەت،
ئاسانغا توختامدۇ ئۇنتۇش ـ ئۇنتۇلۇش.
بىزنىڭ بۇ قىشلاقتا ياشناپ مۇھەببەت،
قاچانمۇ كۆز ئاچار ئەركىن تويلىشىش!؟

# يوقاتمايمەن ئالدىراپ

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
ئىزگىنى بار ئۈنىڭ بىر جۈپ قولۇمدا.
غايەم يانار قۇياش كەبى يالتىراپ،
مەنزىلىمنى نۇرلاندۇرۇپ يولۇمدا.

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
ئىرادەمنىڭ باردۇر تاغدەك جەزبىسى.
تىغ ئۇرىمەن توسقۇنلارغا قانسىراپ،
جان بېرىدۇ خىرىسلارنىڭ ھەممىسى.

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
ئۇنى تەر ۋە ئىزدىنىشتە ساقلايمەن.
ئەلگە بولغان ساداقەتنى ياقلاپ،
گۈل ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمەن.

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
ئۆزگىلەردەك ناپاك ھېسقا بولۇپ يەم.
ئىجاد، ئەجىر-مېھنىتىمدىن باغ ياساپ،
كۆلدۈرىمەن ئەل-يۇرتۇمنى دەممۇدەم.

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
يوقالسىمۇ تەندە كۈچ ۋە ماغدۇرۇم.
ياشلىق ــ ئىجاد، ياشلىق ــ سۆيگۈ، نۇر ـ ئاپتاپ،
ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈلىدۇ باھارىم.

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
ئىشىنىڭلار ماڭا شەكسىز دىلداشلار.
چۈنكى ماڭا ماڭماقتا ئۇ يول باشلاپ،
قەلبىمدىكى ئارسلان كەبى قۇتراشلار.



# پاتراق تويۇڭ بولسىكەن دەيمەن

سەن تاشلىغان سۆيگۈ ئۇتىدىن
يۈرەك تېخى سوۋۇغىنى يوق.
مەن يېمىدىم، ۋىجدان سوتىدىن،
يېدىڭ تاياق، بەلكىم گۈل بويلۇق.

ئارمىنىمغا يەتمىدىم، بىراق،
يەتتىم ئۆزگە قىزنىڭ ۋەسلىگە.
دادا بولۇپ قالدىم بۇ سىياق،
مەزمۇن قوشۇپ ئىنسان نەسلىگە.

ئەمما ئۆزۈڭ هازىرغىچە تۇل،
قالدىڭ تەنها مۇڭغا بۆلىنىپ.
سەن پەس كۆرگەن ــ مەن ئاددىي ئوغۇل،
بارماقتىمەن گۈلدەك نۇرلىنىپ.

تەقدىرىڭگە ئۆكۈنىمەن ھەي،
سۆيمىسەڭمۇ غېمىڭنى يەيمەن.
شەيتانلارغا كۆڭۈلنى بەرمەي،
پاتراق تويۇڭ بولسىكەن دەيمەن.

# ئۆزگىنى كۆر، ئۆزۈڭنى كۆزەت

ماختانمىغىن ئۆز-ئۆزۈڭدىن بۇرادەر،
ماختانچاققا قاياش ئەمەس بۇ جاھان.
قۇچاي دېسەڭ ئىشلىرىڭدىن شان-زەپەر،
بەرگىن ئاۋۋال ئادەملىكتىن ئىمتىھان.

ئادەم بولماق ئۆز-ئۆزۈڭگە شاھ بولماق،
مەزمۇت شۇنداق سېنىڭ ئوردا-قەسرىڭ.
قەلبىڭ گۈزەل، بولسا كۆڭلۈڭ قاردەك ئاق،
ئۆچمەس نۇرلار چاچار ھايات ئەسىرىڭ.

دەسمايىسىز ئەگەر قۇرۇق ماختانساڭ،
بىزار بولۇر سەندىن ئەل-يۇرت، دىلكىشىڭ.
ئۆز قەدرىڭنى تەر-ئەجرىڭدىن تاپمىساڭ،
ۋەزنىڭ قۇرۇق قالار ھەتتا كەملەپ جىڭ.

ئۆزگىنى كۆر، داۋالىغىن ئۆزۈڭنى،
كۆزەت، ساڭا بېرەر ئەينەك چىن رىئال.
قۇۋۋەتلەيدۇ ئەلمۇ شۇ چاغ سۆزۈڭنى،
قۇچساڭ شەرەپ ئىشلىرىڭدىن ئېچىپ پال.

# جوۋان قەسىدىسى

قەلبىمگە دەملىنەر ناۋاتتەك ئازاب،
بەھرىڭدە سۇنىدۇ ئاپئاق ئىستاكان.
كۇنلىرىم قەرەلسىز كەتمەكتە ياداپ،
ئالدىنىپ جىلۋەڭگە شەپقەتسىز جوۋان.

ئاغزىڭدا ئىرىيدۇ جىلۋىلىك سۆيۈش،
قەلبىڭدىن كىلىدۇ زەھەرنىڭ ھىدى.
كۆكلەيدۇ دىلىمدا ھەقىقىي كۆيۈش،
مىنىڭدىن ئۇنىڭغا، پىنھان ئەبەدىي.

خەيرىيەت، خوش ئەمدى، شەپقەتسىز جوۋان،
تىنىمگە ئۇيۇيدۇ پۇرلەشكەن ھايات.
ئىھ، بەخت بار يەرگە قايتىمەن ھامان،
يوللىرىم ئىلكىڭدە ئەيلەنمەس مامات.



# قايتۇرۇپ بەر...

قايتۇرۇپ بەر كۈلكەمنى ماڭا.
يات قەلبىڭدە بولمىسۇن خاراب.
يىغا چايناپ ئۆتمىسۇن كۆزۈم،
سۇنغان كۈلكەم بەستىگە قاراپ.

قايتۇرۇپ بەر قەلبىمنى ماڭا.
يات قەلبىڭدە ئېچمىسۇن زەھەر.
جۇشقۇنلۇقنى يوقىتار ھايات،
يالقۇنىدىن ئايرىلسام ئەگەر.

قايتۇرۇپ بەر ئۆزۈمنى ماڭا.
ئالدىنىشتا يۈرمىسۇن تېنەپ.
رېئاللىقنى چۈشەنگىن سەنمۇ،
سۆيۈلگۈم يوق بەختىمنى تىلەپ.



# بەخت ۋە بەختسىزلىك

بەخت مېنى يىراق شەھەردىن
باشلاپ كەلدى سېنىڭ قېشىڭغا.
مېنى سۆيۈپ تۇرغان كۆزۈڭدىن
ئاڭلانماقتا قەلبىمگە يىغا.

بەختلىك بوپ ياشىغىنىمغا
قانچە ۋاقىت بولدى بىلمەيمەن.
قۇياش ماڭار ئاينىڭ ئىزىدىن،
ئايمۇ دەيدۇ ئۇنى ئىزدەيمەن.

مۇزىكىدەك مۇڭلۇق بۇ ھايات،
داۋاملىشار ھەركىم تىلىدا.
سوزۇلىدۇ بىر بۇزۇلغان چۇش،
ساڭا مەپتۇن بولغان دىلىمغا.

قەتل قىلىپ بەرگۈم كېلىدۇ،
مەن ئۆزۈمنى ساڭا بەخت ـ نۇر.
بەختسىزلىك دەيدۇ ياشاپ قال،
بۇ شەھەردەك بولۇپ ماڭا قۇل.

# سەن قەلبىمنىڭ قۇياشى بىراق

سەن قەلبىمنىڭ قۇياشى، بىراق—
نۇرلىرىڭنى چاچىسەن خىرە.
يالقۇنىڭدىن قىلىندىم تالاق،
كېپىنەكتەك ئىشلىسەم يەنە.

سەن قەلبىمنىڭ قۇياشى، بىراق—
ئىلمان سۆيۈش قىلىسەن تەقدىم.
نۇرۇڭنى دەپ ئاچسامەن قۇچاق،
يۇلتۇزلارغا قىلىسەن تەقسىم.

سەن قەلبىمنىڭ قۇياشى بىراق،
چىن ئەقىدە پۈتسەممۇ ساڭا.
ئېيتقىنا ئەي شىتىلە قىزچاق،
نېچۈن گۇمان قىلىسەن ماڭا.

## ئىنساپسىزغا

گۆھەر سىنىڭ، تاش مىنىڭ، سەن تەرەپتىن سۆزلىسەم،
زەمزەم سىنىڭ، لاي سۇنىڭ خېرىدارى مەن ھامان.
«شۇكرى» قىلىپ بارىمغا، ھەر نەرسىنى ئۆتۈنسەم،
قالدىم سەپنىڭ كەينىدە بولۇپ مانا يېرىم جان.

تۇز نىيىتىم، تۇز كۆڭلۈم يول بەرگەچكە ئىتىڭغا،
ئۇتۇپ چىقتىڭ بەيگىدە، ئاشتى يەنە ھۆرمىتىڭ.
ئىلىنماسمەن شۇ تاپتا سىنىڭ نەزەر-دىتىڭغا،
ياۋاشلىقتا باغلانغان ئىتىنقادىم تۇرسا چىڭ.

«ئىنساپ» دېگەن بۇ سۆزنى قىلاي ساڭا ھەدىيە،
بولدى ئەمدى ئىنساپ قىل، بۇزۇلمىسۇن رىشتىمىز.
باغلىغانتىم ئۆزۈڭگە ئۇزاقلاردىن ئەقىدە،
ئەي بۇرادەر، ئويلىغىن، بىر ئەمەسمۇ يولىمىز.



## مەڭگۈلۈك سۆيۈش

ئانا،
ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا
سۈت دەرياسى ئاقىدۇ بالقىپ.
مەن بەختىنىڭ بىلىقلىرىنى
قەلبىمدىلا يۈرىمەن بېقىپ.
كېچىلەر،
سېنىڭ ئاشۇ يىڭنەڭنىڭ يىپى.
بەلكىم مومام قالدۇرغان ئانا
ھاياتلىقنى ياماشنى ساڭا.
تىنىم تاپماس بىردەم بارمىقىڭ،
مۇشەققەتنىڭ چېكىنى تىكىپ.
ئانا،
قۇياش ساڭا قاراپ كۈلىدۇ،
تاغلار ھەتتا ساڭا چوقۇنار.
دەريالارنىڭ مۇزلىكىسىدا
سېنى كۈيلەپ ئاققان ناخشا بار.
يايلاق كۈلەر يېشىل كۆزىدە،
مېھرىڭ يالقۇنى جۇش ئۇرار
قوزىلارنىڭ مەرەشلىرىدە.
...
ئېھتىمال
مەنمۇ ئادەم بوپ قالغاندىمەن،

قۇيالماستىن بىر پىيالە چاي.
مۇشۇ قۇرۇق سۆلىتىم بىلەن
بەللىرىڭنى مۇكچەيتكىنىم راست.
بىراق
ئانا، ئىشەنگىن ماڭا،
كۆلۈپ تۇرغان يۈرىكىم بىلەن
سىزنۇۋىلىپ هايات بېتىمگە،
ئۇلۇغلايمەن ساددىلىقىڭنى.
پەرىشتىدەك گۈزەللىكىڭنى.



## مۇھەببەت

بەلكىم سىنىڭ سۆيۈشۈڭدۇر ئۇ،
تۇتۇۋېلىپ قۇلاقلىرىمدىن.
بەلكىم مېنىڭ سۆيۈشۈمدۇر يا،
ئامان قىلىپ سىرتماقلىرىڭدىن.

بەلكىم يەنە ئۇ بىر ئازابتۇر،
مەڭگۈ-مەڭگۈ چەككە يەتمىگەن.
ياكى شادلىق تۇغقان ھامىلە،
ئايغىر روھقا سۆيگۈ ئۆگەتكەن.



# كىچىككىنە خوشلىشىش چېيى

قالدى ئەمدى بۇ شەھەر ساڭا،
گويا مەندەك تەبەسسۇم قىلىپ.
مەن قايتىمەن يىراق سەھراغا،
دەردلىك ھېسنى قەلبىمگە تىڭىپ.

ئارمانلارنى كۆكلەتكەنىدىڭ،
سۆيگۈ بىلەن قەلبىمدە تېرەن.
بۇ يەردىكى سۆيۈملىك ئايدىڭ،
شېرىن دەمگە چۆمەتتى بەلەن.

گۈزەل ئىدى سەيلىلەر بۇندا،
بىزگە ئوخشاش كۈلەتتى ئورمان.
شامال سۆيگەن ياپراقلىرىڭدا،
قەلبىمىزنى ھىدلايتتى لەرزان.

ئەپسۇس، يەنە شۇلارغا سىرداش
بولالمىدۇق، بولالمايمىز ھەم.
يۈرەكتە داغ قالدى-بىر ئالداش،
بېرەلمىدىم بەختىڭنى ئەركەم.

ئۇنتۇپ كەتكىن، ياش تۆكمە جېنىم،
كەچۈر مېنى ئۆتسە گەر سەۋەن.
بەختلىك بوپ باقمىغان ھېچكىم،
قايسى ئاشىق ۋىسالغا يەتكەن.

كېتەر بولدۇم ئاۋغۇستىنىڭ ئېيى
ماتەم بىلەن يېنىڭدىن سېنىڭ.
كىچىككىنە خوشلىشىش چېيى
بولۇپ قالسۇن شېئىرىم مېنىڭ.



## ياشلىرىمدەك كەلمەكتە ئېقىپ

شىرازىدەك ياشارمەن بەلكىم،
نەچچە ئەل ـ يۇرت، تاغلارنى كېزىپ.
يا يېشىنىندەك ئاخىرقى قېتىم
دۇئېلىگا قالارمەن بېرىپ.

بەخت قاچار يىراققا جەزمەن،
تاپىنىمدىن ئاقار يەنە قان.
ھايات زوقى ــ ئەبجەش تۇگمەن،
قايناپ تۇرار بوغۇزۇمدا جان.

پەقەت بىر رەت پۈتۈلمىشىم بار،
ياشلار تۆكەي ياكى شادلىناي.
سەن قىلمايسەن بۇڭا ئېتىبار،
يۈزسىز ئالەم، شەپقەتكە گاداي.

مەن يەنىلا باغاقسىز مېھمان،
بارماقتىمەن قۇملارغا سىڭىپ،
چۈشكۈن ھېسلار بولۇپ سەرگەردان،
ياشلىرىمدەك كەلمەكتە ئېقىپ.

# ئۆمرۈگىدىن پۈتكىن داستان دەپ

ياخشى يازاي ياكى يازالماي،
«شېئىر» دېدىم، يېزىۋاتىمەن.
ئۆز قۇربىمغا تۇشلۇق ھاياتنىڭ
ھېكمىتىنى قېزىۋاتىمەن.

ئېتىمىزنغا ھەردەم ۋاقىتنىڭ
ئۇسا تاراپ كېلىۋاتىمەن.
قەلەم بىلەن ئۇنى ئاغدۇرۇپ،
ئىدرىكىمنى تېرىۋاتىمەن.

مول ھوسۇلغا تەشنا دېھقاندەك،
«چەش» كويىدا يۈرۈۋاتىمەن.
ئۈپرىسىمۇ مېڭەم، ھۆجەيرەم،
مىسرالارنى تىزىۋاتىمەن.

شائىر بولاي ياكى بولالماي،
ئەل-ۋەتەننى كۈيلەۋاتىمەن.
ئۆمرۈگىدىن پۈتكىن داستان دەپ،
ياشلىقىمنى سۆيلەۋاتىمەن.

# سالام ساڭا سۆيۈملۈك ئەتە

سالام ساڭا سۆيۈملۈك ئەتە،
سالام مېنى ئۈنتۈغان بۈگۈن،
ساڭا سوۋغام بوپ قالسۇن ئەسلىم،
ئوخشىمايمەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم،
ئوخشىمايدۇ ئەتىكى بۇ كۈن.

چېچەكلەيدۇ يوللىرىم ئەتە،
مېۋىلەرگە تولىدۇ كوچام،
يىغىسىدىن توختايدۇ بوۋاق،
بەكمۇ گۈزەل تۇرقىدا يەنە،
بەلكىم قايتىپ كېلىدۇ ئانام.

ئېسىۋالاي بەختلىك تۇمار،
تاغلار يەنە بۈككىدە ئورمان،
قەدىمىدە نۇرلارنىڭ ئايىغى،
جەننىتىگە چۆمۈلۈپ جانلار،
يالتىرايدۇ سۈپسۈزۈك جاھان.

دەريا-كۆللەر كۈيلەيدۇ لەرزان،
مۇزىكىدەك يۈرىكى بىلەن،
غەم-قايغۇلار ئۇنتۇلۇپ بىردىن،
ھەممە كۈلەر شادلىقتا تامام،
بەخت كۈلەر ئەتىدە جەزمەن.

# سېغىنىش

رىۋايەت كۆلىگە چۆمۈلگەن ۋىناس،
ئوبرازىڭ يوللايدۇ بەختلىك ئەسلەش.
تۇرىمەن ساھىلدا خىيالچان، تىمتاس،
يار سېنى سېغىنىپ، بولۇپ دىلىم غەش.

شۇ تونۇش شەپەمدىن ئايرىلىپ بويناق،
مۇشۇدەم ئۆزىچە بولغاندۇ غېرىب.
سەن شېرىن ئۇيقۇدىن يېگەندە تولغاق،
ئاي نۇرى تۇرغاندۇ دېرىزەڭ چېكىپ.

سوغۇق ۋە يېقىمسىز شاماللار بىلەن،
ئىزىمىز يوللاردا بولغاندۇ سۇرگۇن.
ئاشۇ چاغ ئىككىمىز نەقەدەر تىمەن،
قالغانتۇق شادلىقتىن چېچەكلەپ گۈلگۈن.

نەملەنگەن كۆزلىرىڭ تۇرار چىمىلداپ،
ئاھ، ئەنە مەن سەندىن ئايرىلغان بېكەت.
شۇ رەڭدار سۇرەتلەر كۆزۈمگە ئاتاپ
تۆكمەكتە مەرسىيە شۇ دەم چېكىپ دەرد.

بۇ يىراق شەھەردىن ھەپتىدە بىر رەت،
يەتكۈزەر پوچتىكەش سېغىنچامنى ئاھ!
كەلگەندە خەتلىرىڭ ئىللىيمەن پەقەت،
گۆگۈملۈق ئورمانغا بولغانچە ھەمراھ.

# سەن بار ياقتا سالىمەن نەزەر

تاشقورغاندا بىر گۈزەللىم بار،
ئاھ، سېغىنىش قوزغىدى يەنە.
كەلدى مانا چۆلسىرەشلەر يار،
قىلدى گۇگۇم خانەمگە پەتە.

دېرىزىنىڭ سىرتىدا غىل - پال
ئاي نۇرىنى چاچماقتا غۇۋا.
قارلىغاچتەك يەرلىنىپ خىيال،
كۆزلىرىمگە ياسىدى ئۇۋا.

باردىم ئۇچۇپ قېشىڭغا بۇ دەم،
ئالماقتىمەن باغرىڭدا ھاردۇق.
دولقۇن يايغان چېچىڭنى ئەركەم،
قويدۇم قىلىپ بېشىمغا ياستۇق.

ئۇردى خەنجەر چۈشۈمگە خوراز،
ئەنسىز چىللاپ تۇرغۇزدى مېنى.
يىتتى يىراق شاھانە ئوبراز،
كۆزلىرىمدىن ئېپقاچتى سېنى.

تەنھا كۆلبەم بەرمەس زوق - ھەۋەس،
تۇنەشلەردىن تىترەيدۇ سەھەر.
ئۇزۇك - ئۇزۇك ئالىمەن نەپەس،
سەن بار ياقتا سالغانچە نەزەر.

# تاغ باللىرى

سادda خىيال بەرگىگە قونۇپ،
بىزنىڭ ئاشۇ تاغلىق دىياردا،
كېپىنەكتەك سەكرىشىپ باللار،
چىقار رەتسىز پاكار ئۆيلەردىن.
كۆكتە ئۇچقان بۇركۇتنى كۆرۈپ
يۈگۈرۈپ كېتەر ئارقىسىدىن پاھ.
سايىسىنى قوغلاپ توقايدا.

چورۇقىنىڭ يوچۇقلىرىدىن
بارماقلىرى يۇلتۇزدەك ماراپ،
ياماق چۇشكەن، چوڭلاردىن ئاشقان
چاپىنىنى قويۇپ بېشىغا
ئۇخلاپ قالار ئارچا تۇۋىدە،
ھېرىپ قالسا «بەيگە» دىن تاراپ.

چۇچۇك سۆزلەر دىللارنى ئۇۋلاپ،
ئاخشاملىرى قىزىيدۇ ئويۇن.
پەرىشتىدەك چۆچەكچى بوۋاي
باللارنىڭ ئىللىق باغرىغا
كىرىپ كېلەر يۇمران تۇيغۇدا.

زىرەك، چاققان كىچىك خاقانلار،
بىر-بىرىدىن چىرايلىق بوغۇن.

كەلگۈسىنىڭ تاقەتلىرى تاق،
چېچەكلەيدۇ ئاشۇلار بىر كۈن.
قاناتلارنى تەڭلەيدۇ كۈنلەر،
سالام قىلىپ يوللاردا مېھىر.
ئۇلار ۋەتەن كۆتكەن زەر ئۈمىد،
نۇر تۆككۈسى هاياتقا گۈلگۈن.

## غەلىبەگە تەۋەررۇك ئاپئاق چاچلىرىڭ

(دادامنىڭ دوختۇرلۇق ھاياتىدىكى 30 يىللىنى تەبرىكلەيمەن)

غەلىبىڭنىڭ شامىنى ئۆچۈرگىنىڭ يوق،
يىللارنىڭ قوينىدا، ھەربىر قەدەمدە.
ئىمجانغا قايتا جان بەرمەك چوڭ ئۆتۈق،
بىباھا ساددىلىق مۇجەسسەم سەندە.

چاچلىرىڭ كۈمۈشتەك ئاقىرىپ تۈگەل،
ماڭلىيىڭ ئارىلاپ قۇچقان چىغىر يول.
بىمارغا چىن مېھرىڭ بولۇپ كەلدى سەل،
لوقمانىنىڭ قولىمۇ سېنىڭكىدەك قول.

ئۆتۈپتۇ رەڭ تۇزۇپ ئەللىك باھارىڭ،
ئاق خالات ئۈستۈڭدە ئالتۇندەك چاقناپ.
ئاز ئەمەس سەن كەزگەن تاغۇداۋىنىڭ،
خەلقىڭ ئىشچۈن ئۆزۈڭنى ئاتاپ.

قېرىلىق يەتسىمۇ قەددىڭگە دادا،
قېرىلىق يەتمەپتۇ مۇھەببىتىڭگە.
شەپقىتىڭ سوغۇلماس ئېقىندۇر گويا،
گۈللەتتى ھاياتنى، گۈللىتەر يەنە.

# ئۆز بەختىمنى ئۆزۈم تاپىمەن

قەلبىڭنى چۈشىنىمەن، لېكىن ئانا،
يۈرمىگىن ماڭا بەخت تىلەپ يەنە.
ئوغۇل دەپ تۇغدۇڭ مېنى، ئىشەنچ بەردىڭ،
كۈلىمەن ئۆز بەختىمگە بېرىپ مەنە.

ئەجىرسىز قۇچاق ئاچسا ماڭا بەخت،
ئېچىلماي هايات گۈلۈم توزۇپ كېتەر.
تەمەدە ياشاش نومۇس ئوغلان ئۈچۈن،
شۆھرەتكە ئىگە قىلار ئىنسانني تەر.

سۆي ئانا پېشانەمگە، تەر تۆك، دېگىن،
يەلكەمگە ئارتاي ئەلنىڭ يۈكلىرىنى.
ياشايمەن باھادىرلىق خىسلىتىدە،
تاپايمەن شۇ خىسلەتتىن هۆر بەختىمنى.

# ئاپئاق ئايدىڭ دۇنيا ياراتقىن

ئۆمۈر قىسقا، قىسقىدۇر قەۋەت،
قىسقىلىقتا سەن چەكسىز ئۆگەن.
كىملىكىڭنى كۆرۈشكە ئۆگەت.
ۋىجدان بىلەن سەزگۈڭنى جەزمەن.

شۇنداق ياشاپ، سۆيگۈ تاراتقىن،
گۈزەل قەلب ـ ئالەمگە باھار.
ئاپئاق ئايدىڭ دۇنيا ياراتقىن،
چاچلىرىڭغا ياغمىغاندا قار...



# قالاقلىق

غۇرۇرۇڭغا تېگىدۇ جەزمەن
بىرى سېنى كەمسىتسە-سۆكسە.
شادلىنىسەن ماختىسا بىراۋ،
جەمئىيەتتە قىممىتىڭ ئۆسسە.

دېمەك، ئاشۇ قالاقلىق سېنىڭ
ۋىجدانىڭغا يەتكۈزىدۇ ئار.
ئەيلەر ھەتتا تۇرمۇشۇڭنى ئۇ
مەدەنىيلىك ئالدىدىمۇ خار.

قالاق ئادەم ۋە قالاق مىللەت
پەيدا بولار، سۆيمىسە ئىلىم.
كەمسىتىلىش شۇنىڭدىن كېلەر،
ئىززىتىڭنى ئاشۇرار بىلىم.



# قار ۋە مۇزدا يۇيۇنار قىشلاق

ئەللەي ئىبتەر تاغ ـ زېمىننى قىش،
قار ۋە مۇزدا يۇيۇنار قىشلاق.
ئىگىز ـ تۆۋەن ۋە تەكشى دالا
قۇچىقىدا سانسىز ئاق مونچاق.

دولقۇنلىنار يالىڭاچ ئورمان
سوغۇق شامال ئۆتكەندە سويلاپ.
كەپىلەردىن چىققان كۆل رەڭ ئىس
ئۇچار تاغنىڭ قاپتىلىن بويلاپ.

تاجىك يۇرتى سۆيۈملۈك قىشلاق،
جىمجىتلىقتا چۆمۈلگەن تۇتاش.
پاك دىللاردىن بالقىغان ئارمان،
باهار ياسار ۋە بۇندا قۇياش.

# يۈرەكتە چايقىلىپ ئۇغۇزدەك باھار

بىلمەيمەن شەھىرىڭنى سۆيۈملۈك قىزچاق،
بۇيەرگە كەلگىنىم يېڭىدىن - يېڭى.
شەپىسىز قەلبىمگە تاشلىدىڭ سىرتماق،
پارلىدى ئالدىمدا مۇھەببەت تېڭى.

گەر مېنى باشلىساڭ دىلبەر سەيلىگە،
چىمەنلەر نازغىنىپ قىلارمۇ قوبۇل؟
يا تاشلاپ ھەسەتلىك نىگاھ لەيلىگە،
يۇلتۇزلار جىمىرلاپ ئاقارمۇ ئۇدۇل.

ناتونۇش سايەمنى كۆرسە مۇبادا،
كوچاڭدا چىراغلار قىلارمۇ مازاق؟
پېلىكىم سوزۇلسا تۇپرىقىڭ ئارا،
باغلىرىڭ ئاچارمۇ ماڭا كەڭ قۇچاق؟

ئېيىتقىنا كېيىك كۆز، ئالتۇن چاچلىق يار،
نۇرلانغان سۆيگۈگە قويۇلارمۇ چەك؟
يۈرەكتە چايقىلىپ ئۇغۇزدەك باھار،
مۇھەببەت پەسلىمىز ئاچارمۇ چېچەك؟

## ...گە

سەن مېنى قويمىدىڭ، قويمامسەن ئويلاپ،
يۇلتۇزلاردەك چېچىلار تۇندە خىيالىم.
شامالىلار ئويناپدۇ مەڭزىمدە سويلاپ.
نۇر تۆكەر كۆز قىسىپ كۆكتە ھىلالىم.

يۇلتۇزلاردەك چېچىلار تۇندە خىيالىم،
بەلكىم سەن ئۇخلايسەن پەرۋايىڭ پەلەك.
سەۋدانىڭ بىسىدا كېسىلدى ھالىم،
بىر ئاچچىق ئىڭراشتا تىنى ئالار يۈرەك.

بەلكىم سەن ئوينايسەن پەرۋايىڭ پەلەك،
ئاھ،مېنى، ياق... ياق... ياق، سۆيگۈنى ئۇنتۇپ.
تاشلامسەن يا مېنى قىنپ قويۇپ ھەلەك،
باھارنى كۈتمەيلا قەلبىڭدىن يۇلۇپ.

ئاھ، مېنى، ياق... ياق... ياق، سۆيگۈنى ئۇنتۇپ،
كىم بىلسۇن يۈرەمسەن باغلاردا سەگىپ.
خەتلىرىڭ كەلمىدى، كەتتىڭ يوقىلىپ،
يا بىرسى يۈرەمدۇ ئارقاڭدا ئەگىپ؟

# تېڭىرقاش

سەن ماڭا دوست ئىدىڭ، ئۇمۇ ماڭا ھەم،
ئاڭلىسام قاپسىلەر مېنى ياقتۇرۇپ.
ئاچالماي قالدىمەن بەختىڭلارغا رەم،
قالغاندەك تىلسىمات يولىدا تۇرۇپ؟

مەندە بار بىر تاللا چوغلانغان يۈرەك.
بىلىمەن ئىككىڭلار ئالماقچى بۆلۈپ.
بۇ دېمەك، قانلىق جەڭ بولغاندىن دېرەك.
سۆيگۈدە سۆيۈلۈش كەتمىسۇن ئۆلۈپ.

ئىككىڭلار تەڭ قارماق تاشلاپ چورتانغا،
قىلماڭلار قەلبىمنى سەرسان ۋە مالال.
بىرسىڭلار ئۆتۈنۈپ نۇرنى چولپانغا،
بىرسىڭلار قۇچۇڭلار باشقىدىن ۋىسال.



# تۇغۇلمىغان بەختنى تۇغۇپ

تۇغۇلمىغان بەختنى تۇغۇپ
بىرەلەمسەن ماڭا ئەي باھار.
ئۆچۈپ كەتتى تۇغۇلغان كۇنۇم.
سەندىن ئۇمىد كۇتكەنچە تەكرار.

تۇغۇلمىغان بەختنى تۇغۇپ
بىرەلەمسەن ماڭا ئەي قۇشلار.
پەرۋازىمنى تەرك ئەتمىگەن،
ئورمانلارغا قونۇۋالغۇم بار.

تۇغۇلمىغان بەختنى تۇغۇپ
بىرەلەمسەن ماڭا ئەي يوللار.
مەنزىلىمنىڭ يىراق چېتىدە
مەن تەلپۈنگەن يىراق بىر ئۆي بار.

تۇغۇلمىغان بەختنى تۇغۇپ
بىرەلەمسەن ماڭا ئەي قۇياش.
بوۋام روھى سىڭگەن ئۇپۇقتا
تىكىرقاشتا يۇرمەكتە بىر ياش.

تۇغۇلمىغان بەختنى تۇغۇپ
بېرەلەرمۇ ماڭا ھەممىسى؟!
شىۋىرلاشلار كەلمەكتە سىڭىپ،
ئېھ، چۇشۇمدە كۆتكەن ئەتىسى.

# بىر سۆيگۈ بار قەلبىمدە يارقىن

ئالما بولۇپ ئېرىقىمدا سەن،
كەل مەن تامان لەيلىگىن، ئاققىن.
دەيمەن، ئۇنىسىز رەۋىشىدە مەن،
بىر سۆيگۈ بار قەلبىمدە يارقىن.

كەل مەن تامان تۇتاشتۇرۇپ ئوت،
تىلەكلەرگە مېھرىڭنى چاچقىن.
ياغسۇن ھايات بوستانىغا قۇت،
بىر سۆيگۈ بار قەلبىمدە يارقىن.

كەل، ۋىسالىلىق دەملەرگە، كۈتەي،
تەنھالىقنى قۇل قىلىپ ساتقىن.
ساڭا مەڭگۈ سادىق بوپ ئۆتەي،
بىر سۆيگۈ بار قەلبىمدە يارقىن.



## باشقىلارنىڭ بولۇپ كەتتىڭ، ھەي...

قويۇپ مېنى ماغلۇبىيەتتە،
باشقىلارنىڭ بولۇپ كەتتىڭ، ھەي...
ئۆرتىنىشتە يۈرەك مېڭ دەردتە
ئۆتتى، ئۆتەر لەززەت سۈرەلمەي.

مەن قىزغىنىپ سېنى كىملەردىن،
تۈنەشلەردىن ئاتتى تالاي تاڭ.
رەنجىپ قەلبىم سۇنۇق كۈيلەردىن،
غايىب بولدى «ۋىسال» دېگەن ئاڭ.

قالالمىدىم سېنىڭ بولۇپ مەن،
بەختسىزلىك شۇدۇر ئېھتىمال.
بەخت قۇشۇم بولالمىدىڭ سەن،
ئۆزگە شاخقا قوندۇڭ شاد ـ خۇشال.

باشقىلارنىڭ بولۇپ كەتتىڭ،ھەي،
قىسمىتىمگە پۈتۈپ شور تۇپراق.
ئارمان قىلىپ، ئارمانغا يەتمەي
ياشايدىغان ئوخشايمەن شۇنداق.

## سوغۇق سۆيۈلۈش

مەن ئىسسىق مېھرىمنى-بەردىم ھەممىنى،
قانائەت، تويۇنۇش سېنىڭدىن يىراق.
يالماۋۇز پەيلىڭدىن توزۇغان بىر گۈل،
ھەر تامچە قېنىمغا سىڭگەن ئىشتىياق.

كىم ئادىل سوتچىكىن بىلمىدىم تېخى،
ھەقىقەت، ھەقىقەت ئاجىزە بىر نۇر.
سەن ئۈچۈن بىھۇدە تۆلەيمەن بەدەل،
سۆيۈلمەي، سۆيمەن يوقىتىپ غۇرۇر.



# تۆتىنچى ماي سائەت ئىككىدە

ئەسلەپ قالدىم ئۆزۈمنى بىر رەت،
سەنلا ماڭا تونۇش قەدىردان.
ئۆتۈپ كەتتى كۈنلەر چۈش كەبى،
قوچاقلاشتى سوغ ۋە زىمىستان.

مەن كىم دېگۈم كەلدى پىچىرلاپ،
تۇرسا قەلبىم بوش ۋە قۇپقۇرۇق.
يىغلاپ سالما يېشىل ئۆمۈچۈك،
بولغۇچە سەن تورۇڭنى توقۇپ.

يوقالدىمۇ مەندە مەۋجۇتلۇق،
يوقالغاندەك ماڭا تەۋە قۇت.
ئەسلەش مۇمكىن، ماڭا ئۆزۈمنى،
ھەسرەتلەرگە تۇتاشتۇرۇپ ئوت.

بالىلىقىمنى قالدىم سېغىنىپ،
بىرسى ماڭا سوۋغا قىلدى تاش.
تەبرىكلىدىم مەنمۇ ئۆزۈمنى،
كۆزلىرىمگە ئېلىپ ئىسسىق ياش.

# ئامەت

قاچىسەن مېنىڭدىن ھەمىشە، ھەر رەت،
كۈندۈزۈم ئىلكىڭدە چۈشەيدۇ كېچە.
ئاھ، مېنىڭ بىر تۇتام يارالغىنىم راست،
يىلتىزىم يېپىقلىق قۇمغا تېخىچە.

بەرگىمگە نۇر قونسا دەيمەن ۋە لېكىن،
شۇ تونۇش كۈنلۈككە ئېرىيدۇ قۇياش.
چېقىلغان دېرىزە، ئىشىكلەر ئوچۇق،
سەن قاچقان تەرەپتىن كېلىدۇ كۆز ياش.

قۇپقۇرۇق بۇ يەرنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ،
ئۆلۈكتەك ئۇزايمان قوۋمىڭدىن ئىسسىت.
ئامەتلىك كىشىلەر كۆپ ئىكەن، ئەمما،
سەن ئۇچۇن مەن پەقەت ئۇنتۇلغان چېكىت.



## ئۈچىنچى شەخسنىڭ قەلبىدە

سەن مېنى ئېسىڭگە ئالساڭ ئېھتىمال،
يۈرىكىڭ جىغىلداپ كېتەر توساتتىن.
خىيالىڭ چاپىدۇ ئارمانلار ئارا،
پەر تۆزۈپ دىل سۆيەر تاتلىق ھېسسىياتتىن.

ئۆتمۈشنى ئالىسەن كۆزۈڭدىن يۇلۇپ،
قارايسەن ئۈنىڭغا ئەينەككە ئوخشاش.
شۇ يارقىن سايىلەر گۈللەتكەن جاينى
كۆرىسەن سۈكۈتتە تۆكۈپ تۇرۇپ ياش.

بۇ پەقەت ئۈنتۇلغان چۈش بولسىمۇ گەر،
يەنىلا ئەسلىگۈڭ كېلىدۇ چوقۇم.
مەن ئۈچۈن ئۇسسايدۇ كۆڭلۈڭ بىر خىللا،
ئىچمەكچى بولغاندەك مەيدىن بىر يۇتۇم.

ئەپسۇسكى، مەن سەندىن يىراق بىر جايدا،
قەلبىڭدە ياشىشىم مۇمكىنمۇ ئۇزاق.
چۈنكى بۇ ھاياتنىڭ ئويۇنلىرىدا
ياشايمىز ئاشۇنداق بولۇپ تېپىشماق.

# بەلكىم ئەمدى شۇنداق قىرىپ كېتىمەن

ياشلىق دېدىم، ئۆچتى ئۇنىڭ ناۋاسى،
مېيى تۈگەپ ھالسىرىغان چىراغدەك.
قەلبىمدە يوق تەلپۈنۈشنىڭ ئىمزاسى،
بولسامىمۇ گەر سۆيگۈگە ئۇچۇن پايپېتەك.

ساقا ئاتاپ ئالما ئۈزدۈم تالاي ياز،
ۋە يوللىدىم ساپىقىغا چېكىپ خەت.
كۆرسەتمىدىڭ كۆلۈپ بىر رەت جىلۋە-ناز،
ئۆتتى كۈنۈم جۆيلۈشلەردە چېكىپ دەرد.

كەلدى سېنى ئەلەم بىلەن تىللىغۇم،
چىدىمىدى يۈرەك يەنە ئۇمۇنۇپ.
ئۆتتى كۈنلەر، ئۆتتى قەلبىم يۇتۇپ غۇم،
سەن چىدىدىڭ قىسمىتىمگە كۆي توقۇپ.

بەلكىم ئەمدى شۇنداق قىرىپ كېتىمەن،
چاچلىرىمغا، ساقاللىمغا سانجىپ ئاق.
ئۆلمەي تۇرۇپ كۆزلىرىڭدىن يىتىمەن،
ۋىسالىڭنى يۈرىكىمدەك قىلىپ چاك.

## يەتمىگەندە ئاشۇنداق..

بەك ئالدىراپ چۇشۇپتۇق بۇ خەتەرلىك بەيگىگە،
ئاددىي چاغلاپ سۆيگۈنى ھېرىپ قالدى ئېتىمىز.
قويۇپتىمىز ئۇيلىسام كىچىك تۇرۇپ رەڭگە
قەلبىمىزنى، دەرد چېكىپ شاھىت ئاڭا خېتىمىز.
مانا ئەمدى شۇ كۈننى ئەسلەپ قالسام گاھىدا،
ئونبەش كۈنلۈك ئاي كەبى ئايرىلىپتۇق تولالماي.
دەرياسىنى ۋاقىتنىڭ توسۇپ بولماس جايىدا،
چوپچوڭ ئادەم بولۇپتۇق، «بالىلىق»تا قالالماي.
ئۆتتۇڭ تونۇش كوچىدىن دوستۇڭ بىلەن قايسى كۈن،
قالدۇق يەنە قارىشىپ بىز كۆزلەرنى ئۈزەلمەي.
ئېھتىمالىم سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ ئەمەس بىر پۈتۈن،
يىلتىزىنى سۆيگۈنىڭ ئۆتۈپتىمىز كېسەلمەي.
كونا سۆيگۈ يېڭى دەرد سېلىپ قويدى ھايالسىز،
كۆزلىگەنگە ھاياتتا يەتكەنمىدۇ بۇ ئىنسان.
سۆيگىنىم بار يېنىمدا، لېكىن مەنمۇ ئامالسىز،
سېنىمۇ ھەم يۈرگەندۇ تالايلىرى پايلاپ، جان.
بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرى غىدىقلايدۇ ۋىجداننى،
يېتەلمىدۇق ۋىسالغا يېتىم قېلىپ ۋاقتىسىز.
ئەمدى پۇرسەت كەتكەندە مەن كىملەرگە دەرد تۆكەي،
تۇيۇلمەن شۇڭلاشقا ئۆز-ئۆزۈمگە مەۋجۇتسىز.

## بىز ئۇچراشتۇق ئاخىرى يەنە

بىز ئۇچراشتۇق ئاخىرى يەنە،
كەتكەنىدىڭ سەن مېنى سۆيمەي.
ئالبومدىكى سۈرەتتەك ئەنە،
گۈزەل پېتى تۇرۇپسەن ھەي-ھەي.

يوقلانمىدىم قەلبىڭدە بەلكىم،
ئۆتتى كۈنلەر، ئالماشتى باھار.
كىمنىڭ ئەمرى قىلغاندۇ تەسلىم
سېنى، تېخى بىلمەيمەن زىنھار.

مەن سەن ئۈچۈن كۈيلىگەن كۈيلەر
ھېلىمۇ ھەم ئۇچماقتا لەرزان.
ئىشق دەردى، سەن تۆككەن ئۇنلەر
كەلدى مېنى قىلىپ پەرىشان.

قالدى داغلار، يوق ئەمدى پۇرسەت،
كەچمىشلەرنى سۆزلەرگە بىر پەس.
ئويلىمىغان كېلىشنى دەھشەت،
مەن يېنىڭغا بولۇپ دىلىم مەست.

بىر مەھەللىدە ياشايمىز ئەتە،
تىنچلىنارمۇ دىل چەكمەي ئازاب.
قىلسام ئەگەر ئۆيۈڭگە پەتە.
قالارمىزمۇ مۇڭ بىلەن قاراپ.

## گۈۋاھلىق بېرەلمەس ساڭا ۋە ماڭا

ئاچچىق بىر كۆلكىنىڭ تېشىلگەن كۆزى
ھەقىقەت بىشىدا چالىدۇ رويال.
مەرسىيە بەرگىگە تامغان تامچىلار
ئىزدەيدۇ ئۆزىگە قاناتلىق شامال.

بۇگۈننىڭ باغرىغا ئۈيۈغان نەپەس
گۈۋاھلىق بېرەلمەس ساڭا ۋە ماڭا.
سەن ھايات، مەن تىرىك قەبرە گۈلىدەك،
قۇملارغا تولغاندۇ دالىلار ئارا.



# رۇس قىزىغا ئوخشايسەن بىراق

يىراق ساڭا، يىراق رۇسىيە،
رۇس قىزىغا ئوخشايسەن بىراق.
سېرىق چېچىڭ، كۆكۈچ كۆزۈڭدە
جىلۋىلىنەر ئەلەملىك يىراق.

رۇس قىزلىرى شۇ قەدەر ئەركىن،
سۆيگەن كەبى رۇس يىگىتىنى.
سۆيەلمەيسەن ئازادە ـ تەمكىن،
بۇ يەردىكى بىزنىڭ بىرسىنى.

تاجىك قىزى، ھەي تاجىك قىزى،
ئەركىنلىكنىڭ قىلىنغان تەقىب.
بىلەمسەنكىن تەقدىرنىڭ ئۆزى،
سېنى شۇنداق قىيىنغان رەقىب.

سەن ياشىغان ئاشۇ يېرىڭدا
تونۇشمايلا توي قىلغانلار كۆپ.
بىر ـ بىرسىنى كۆرەر نىكاھتا،
ياپراقلاردەك تىترەپ ۋە ئۆكسۈپ.

قاچان بىزگە بولاركىن نېسىپ،
ئەركىن نىكاھ، سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش.
بەختىمىزنى سۆيگۈدىن تېپىپ،
گۈل ھاياتنىڭ پەيزىگە چۆمۈش.

# ماڭا مېھرىڭ ئاشۇمۇ سىڭىڭ

ئوتۇڭدا تەڭ كۆيىمەن دەيتتىڭ،
سۇيۇڭدە تەڭ ئاقىمەن دەيتتىڭ؛
بۇ ھاياتلىق ئۆمۈر يولىدا
بىرگە تالىق ئەجىر-مېھنەتنىڭ
قەنتىنى تەڭ چاقىمەن دەيتتىڭ.

ئوقۇش پۈتۈپ، يەتكەندە قەرەل،
سۆيگۈ شامى ياققاندا پىلىك،
تويلۇقۇڭنى سالدىڭ بەك ئېغىر،
نامراتلىقىم بولسىمۇ ئايان،
گويا ئامبال سالغاندەك سېلىق.

ماڭا مېھرىڭ ئاشۇمۇ سىڭىڭ،
شۆھرەت ئۈچۈن ياشارمۇ جىنىڭ.
«بەختىڭ» ئۈچۈن يىغىپ بارىنى،
كېچىلەرنى كۈندۈزگە ئۇلاپ،
ئاتا-ئانام جۇدىدى مېنىڭ.

ۋەدىلەرنى ئەيلىدىڭ ئىنكار،
بولدى ئەمدى ئىشەنچىم بىكار.
يالغان سۆزنى قىلغۇچە باشتا،
ھەق سۆزۈڭنى ئېيتىپ يولۇمغا
سېلىپ قويساڭ بولماتتى نىگار.

# «ياق» دېگەن سۆزۈڭدىن

مەپتۇن بوپ مەن ساڭا تەلەپ قويسام جان،
«ياق» دېگەن سۆزۈڭدىن يېدىم راسا ئوق.
بولسامۇ يېرىمجان، قەلبىمدە گۈلخان
ئۆچمىدى سەن ئۈچۈن، بولۇپ يالقۇن ـ چوغ.

مەيلىلا قەلبىڭدە ئورۇن بولمىسا،
كۆزۈڭنىڭ بۇلىقى يېنىدا يۇرەي.
كىرپىكىڭ نەشتىرى ئەگەر قوغلىسا،
ھىجرانىڭ قوشۇلغان كۆلۈڭگە چۆمەي.

ياق دېگەن سۆزۈڭنى ئاڭلاپ بىر ئۆمۈر
ياشىسام كۇپايە بېرەر ماڭا قۇت.
شۇ سۆزدىن تۇتىمەن ئۆزۈمنى مەغرۇر،
چۈنكى مەن قەلبىڭدە بولغاندەك مەۋجۇت.

# بەخت دەيمەن

بەخت دەيمەن خۇش كۈندە تۇغۇلۇشنى شادىمان،
بەخت دەيمەن قەدەملەپ ئىز بېسىشنى تۇپراقتا.
بەخت دەيمەن ھاۋادىن جان ئېلىشنى مىڭ پاتمان،
ئۆشبۇ گۈزەل دىيارنىڭ تاغ ـ ئېدىرى، قىشلاقتا.

بەخت دەيمەن ياندىشىپ مېڭىشنى جان دوستلارغا،
بەخت دەيمەن بىلەكلەر گىرەلەشسە سەپ بولساق.
بەخت دەيمەن كىرىشنى سۇغا، يانغىن ـ ئوتلارغا،
بەخت دەيمەن خىسلەت بوپ ئالەملەرگە لىق تولساق.

بەخت دەيمەن ھاياتنى، تەبىئەتنى، ھەممىنى،
چۈنكى بۇلار باغرىدىن مەن بەختىمنى تاپىمەن.
تامچە تەرىم لەرزىدە كۈلۈپ تۇرغان جەبىرنى،
بەخت دەيمەن ئەبەدىي، شۇڭا قوشاق قاتىمەن.



# قوْياشقا تۇتاشقان روھ

(تارىخىي داستان)

(تاجىك خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى قۇلچاققا بېغىشلايمەن)

## مۇقەددىمە

قەھرىمان ئەبەدىي مىللەتنىڭ پەخرى،
ياد ئېتەر ھەمىشە ئۇنى ماكان ـ ئەل.
قۇلچاق① ئۇ تاجىكنىڭ زوھەل ئەخترى،
ئادالەت كۆكىدە چاقناپ ئۆتكەن دەل.
بەختىيار كۆڭۈلدە ھايات ھۆزۈرى،
تارىخنى ئەسلەشكە قىلدى دالالەت.
تارىخنى ياد ئېتىش ئەۋلاد غۇرۇرى،
ۋەتەنگە ھەر زامان باغلاپ مۇھەببەت.
ئىپتىخار، سۆيۈنۈش قولۇمغا قەلەم،
ئالدۇردى شۇ تاپتا قەلبىمدە ۋۇلقان.
شۇ ۋۇلقان تەپتىگە قۇلچاق روھى جەم،
پۈتكۈسى ئۇنىڭدىن ئاۋامغا داستان.

*　*　*

---

①قۇلچاق ــ تاجىك خەلقىنىڭ ئادالەتپەرۋەر مىللىي قەھرىمانى.

## قىرقىلغان قانات

قەدىمي پامىردا ھۆۋلايتتى بوران،
ئۆتەتتى مۆزدەك سوغ سۆڭەكنى تېشىپ.
قىشلاقلار بەئەينى ئىدى گۆرىستان،
شاد كۈلكە شاملىرى تۇرمىغاچ يېنىپ.
مۆڭسىراپ ئاقاتتى ئېقىنلار ھەتتا،
ئۇلغايغان كۆز ياشتەك ھىجراندىن زىنھار.
تىنچلىق يوقالغان بۇ قەدىم يۇرتتا،
ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتەتتى دىللار.
پامىردىن كۆپ يىراق بۇ ئاستانىدا
مەنچىڭنىڭ خاقانى سۈرەتتى دەۋران.
سەلتەنەت بولسىمۇ ئۇ بۈيۈك خاندا.
ئۆزۈلگەن ئىشرەتتىن ئېلىدە دەرمان.
چىرىكلىك، نىزادىن بارغانچە بۇ ئەل
زاۋاللىق يولىغا باسقانتى قەدەم.
چېگرىنى، دۆلەتنى ئۇنتۇشۇپ ئۇندا
ئەمەلدار، چېرىكلەر بىغەم ياتاتتى.

* * *

چۈشمانىنىڭ خەيرلىك قۇشقىچى ئەمما،
بىر بۈركۈت نەسلىگە بەردى يېڭى جان.

شادلاندى سۆيۈشۈپ ئاتا ۋە ئانا،
پەرزەنتى مەڭزىدىن تېپىپ كۆچ ـ دەرمان.
ھىدايەت نامىدا ئاتالدى بوۋاق،
تىلەشتى ئۈنىڭغا ئەل ـ يۇرت ھىدايەت.
ھەم دېدى: مەرد ئوغلان بولغىنىسەن شىراق①،
بىز ئۈچۈن پاسىبان، كەلسە قىيامەت.
ھىدايەت ئاي ـ يىللار، كۈنلەر ئالمىشىپ،
بىر ئوبدان بوي سېلىپ كىردى قاتارغا.
چېچەنلىك چېھرىدە تۇراتتى يېنىپ،
ئوخشايتتى قامىتى كىچىك چىنارغا.
كۈنلەر شۇ تەقلىدتە ئۆتتى بىر ـ بىرلەپ،
كىچىك شاش بۇركۈتنىڭ قەلبى ئىدى شاد.
مال بېقىپ، شىكارغا چىقاتتى كۈنلەپ،
قىلىپ ئۇ خانىدان ـ ئۆيىنى ئاۋات.

* * *

كەلگەنتى ئۇزۇندىن قوقەندنىڭ② خانى،
پامىرنى بۇلاشنىڭ كويىدا ياشاپ.
قېتىمۋالسا بۇ يۇرتنى ئىلكىگە،شانى ـ
ئاشاتتى تېخىمۇ ئەلمۇئەل ئاتلاپ.

---

①شىراق ــ رىۋايەتلەردىكى ئادالەتپەرۋەر قەھرىمان.
②قوقەند ــ ئۆزبېكىستاندىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

قوقەندنىڭ سۇلتانى مەدەلىخان① ئۇ،
ئاڭلىغاچ چېگرىنىڭ قالغىنىنى بوش،
«پۇرسەت كەلدى»دەپ قىلدى پەرمان ئۇ:
قوزغاڭلار سەرقولغا مالىمان ئۇرۇش.
باسمىچى، بۇلاڭچى، قارا نىيەتلەر
پامىرنى بۇلاشقا قىلدى تەرەددۇت.
يازنىڭكى بىر كۈنى ئاشۇ ناكەسلەر
يول ئالدى سەرقولغا، باشلاپ مۇدھىش-جۇت.
ۋەرشىدې،تاغارما، چۈشمان، تىزناپتىن
تارالدى بىردىنلا قىيا-چىيالار.
بولمىغان بۇنداق ئىش ھېچ ئەلمىساقتىن،
يۇرەكنى ئەزگۈچى مۇڭلۇق نىدالار.
باسمىچى، زالىملار قىلىچ ئوينىتىپ،
كىرىشتى ئۆيمۇ ئۆي،چېقىپ ئىشىك-قۇلۇپ
يۇزلەرگە قامچا ئۇرۇپ، ئۆتۈشتى تېپىپ،
ئېلىشتى كۆزلىرى كۆرگەننى يۇلۇپ.
گاھ ھويلا، ئۆيلەردە لۆمشىپ ئاقتى قان،
گاھ ھويلا-ئۆيلەرنى قاپلاپ ئىس-تۈتەك.
رەھىمسىز باندىتلار ئىدى ئىت-قاۋان،
چېكىگە يەتكەنتى ئاچ كۆزلۈكتە بەك.

----

①مەدەلىخان-قوقەند خانى.

ھەيدىدى مىڭلىغان چارۋا ماللارنى،
يۇك ـ تاقنى ئات ـ ئېشەك، قوتازغا ئارتىپ.
سۈرگۈن قىپ چىرايلىق قىز ـ ئاياللارنى،
ئېپ ماڭدى دېۋەيلەپ، قولىدىن تارتىپ.
تۇتۇلدى قاتاردا كىچىك ھىدايەت،
بى رەھىم دۈشمەننىڭ قامچىسىنى يەپ.
ئاھ، يۇمران قەلبىگە چۈشتى جاراھەت،
كۆزىدە ئۆچمەنلىك نۇرلىرى دەۋرەپ.
ئوغلىدىن ئايرىلىپ غەمگۇزار ئانا،
ئاھ دېدى، يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىپ.
ياش تۆكۈپ ئۇزاتتى مېھرىبان ئاتا،
ئوغلىنى، ئاداققى ماتەمگە پېتىپ.

* * *

سۈرگۈندە ھىدايەت كەلدى ئالايغا،
ئۇ تېخى ئەمدىلا ئون ئۈچ ياش ئىدى.
سېتىلدى مال بىلەن بىر زالىم بايغا،
قۇل بولۇپ بۈركۈتنىڭ پېيى قىرقىلدى.
ئاتالدى ھىدايەت نامى «قۇمچاق»بوپ،
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بولدى كىچىك قۇل.
ياتتى ئۇ ئېغىلدا تونجى تۇغۇلۇپ،
ئۆتكۈزدى كۈنلەرنى كىيىمى جۇل ـ جۇل.
ئالاينىڭ يات ـ يوسۇن قىشلاقلىرىدا،
مال بېقىپ، باي ئۈچۈن ئاققۇزدى ئۇ تەر.

ئۇ ئۆگەي ئەلەم، خورلۇقنىڭ سىرتماقلىرىدا.
بوغۇلدى ھەر ۋاقىت، يۇتۇپ دەرد ـ زەھەر.
ئۆتكۈزدى ئون توققۇز يىلنى ئۇ شۇنداق،
قامچىدىن تېنىدە قالدى تالاي ئىز.
ئىشەنگىن دەيتتى ئۇ: ئۆزۈڭگە قۇلچاق،
سېغىنىپ سەرقولنى، ۋەتەننى ئۇ،
نەچچە رەت قاچتى ئۇ،لېكىن پىيادە.
تۇتۇلدى، تاغ ـ داۋان ھەمدە دەريا ـ سۇ ـ
بولغاچقا، رەقىبى ئاتلىق زىيادە.

## قىرغىز موماي ئەيۋىشنىڭ شاپائىتى

قۇلچاقنىڭ قاتارى قۇللار ئىچىدە
بىر قىرغىز مومايمۇ بارتى ئاق كۆڭۈل.
ئوخشايتتى چىرايى ئاينىڭ ئۆزىگە.
قامىتى گوياكى ئاق ئېچىلغان گۈل.
قۇلچاققا كۆڭلىنى تۇتاتتى يېقىن،
خۇددى ئۆز ئانىسى كۆيگەندەك ئاڭا.
قۇلچاققا ئۇ ئانا ئەمەستى لېكىن،
تۇراتتى مېھرىدە ئۇستۇن، دىلرەبا.
كىيىمى يىرتىلسا بېرەتتى ياماپ،
نان ـ غىزا ۋە يەنە ئۇ يېمەي يىغىپ.
قۇلچاققا بارىنى تۇراتتى ئاتاپ،
ھەرقاچان ئۇ ئۇنى ئۆز ئوغلى بىلىپ.

قولچاق ئۇ ئوتتۇزدىن ئاشقان بىر يىلى،
زالىم باي ئۆتكۈزدى كاتتا مەرىكە.
قالمىدى ئالاينىڭ ئايماق، كەنت ـ چېتى،
تەكلىپكە يېزىلدى چوڭ ـ كىچىك ھەممە...
ئوش، قوقەند تەرەپتىن ئاكابىر ـ زاتلار
تەكلىپ قىلىندى داغدۇغا بىلەن.
ئويناقشىپ، چېپىشىپ كېلەتتى ئاتلار،
كۆتۈرۈپ ھەر ياقتىن قىيقاس ۋە سۈرەن.
كېلىشتى خالايىق تەرەپ ـ تەرەپتىن،
بولدى باي ھويلىسى ئادەم دېڭىزى.
كېرىلىپ بۇ كاتتا ئابروي ـ شۆھرەتتىن،
باشلىدى باي مۇنداق مەرىكە سۆزى:
«قەدىرلىك مېھمانلار، سۆيۈملۈك دوستلار،
مۇبارەك كەلگەن بۇ قەدىمىڭلارغا.
ئوغلاقتا چۇشۇڭلار، خۇشال ئويناڭلار،
سۇنىمەن زور پەتتە ھۇزۇرۇڭلارغا.
كىمىكى بەيگىدە چىقسا گەر ئۇتۇپ،
بېرىمەن ئەڭ قاۋۇل قۇلۇمنى پەتتە»①.
زالىم باي قۇلچاقنىڭ قولىدىن تۇتۇپ،
كۆرسەتتى كەلگەن شۇ جامائەتكە.

---

① پەتتە ـ ئات بەيگىسى ياكى ئوغلاق تارتىشىش جەريانىدا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ نامى.

قۇلچاقنىڭ يۈرىكى ئىچپۇشتى شۇئان.
ئالغاندەك بىر لوقما پىچاقتا كېسىپ.
ئۇ ئوشقا پەتتە بوپ كەتسە گەر بۇئان،
قالاتتى تېخىمۇ كۆلپەتكە پېتىپ.
ۋەتەنگە قاچمىقى بولار ئىدى تەس.
قوشۇلۇپ يولىغا نەچچە تاغ-داۋان.
ئۇنىڭغا بۇ دۇنيا بولاتتى قەپەس.
ئۆتسە گەر هاياتى قۇللۇقتا هامان.
قېچىشنى ئويلىدى ئاداققى بىر رەت.
بۇ ئاخشام ئۇ تىكىپ هاياتنى دوغا.
ئۇنىڭچۇن ئىدى بۇ ئاخىرقى پۇرسەت،
ئاسان ۋە تېزلىكتە كەلمەيتتى قولغا.
قۇلچاق ئويلىنىپ، غەمخان-دىلكەشى.
ئەيۋش موماينىڭ كەلدى قېشىغا.
ئۇ ئىدى كۆيۈمچان يېقىن-سىردىشى،
هەم ياردەم قىلغانتى تالاي ئىشىغا.
باشلىدى سۆزىنى قۇلچاق: ئەي ئانا،
كەلدىم مەن قېشىڭغا، قاچاي دەپ يەنە.
زالىمدىن زالىمنىڭ چۈشسەم قولىغا،
يەتمەسمەن يۇرتۇمغا بەلكىم ئۆلگۈچە.
ئانامدەك ئەزىزسەن، كەچۈرگىن مېنى،
مەجبۇرمەن كېتىشكە مەن سېنى تاشلاپ.

كۆپ يىغلاپ ھەقاچان تېشىلدى كۆزى ـ
ئاتا ۋە ئانامنىڭ يولۇمغا قاراپ.

ـ ئانامدەك مەن سېنى باققانتىم، قوزام،
بولسىمۇ ئايرىلىش سەندىن، ماڭا تەس.
مەن ياتاي زىنداندا قاچقىن جان بالام.
شۇڭقار بول، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ بىر كۈن دەس.
شۇ كۈنى كېچىسى ئەل جىمىققاندا،
قۇلچاق تېز ئېغىلغا كىردى پەم بىلەن.
موماي ـ ئۇ، كۆزەتچى بولدى تالادا،
قىلماستىن بۇ سەۋەب ئۆلۈشكە ئېرەن.
كۇللۇكنى① ئېپ چىقتى، خوشلاشتى قۇلچاق.
ئەيۋىش ئانىنىڭ قولىغا سۆيۈپ.
ئاسماندا بىر يۇلتۇز ئىدى پارقىراق،
خوشلاشقان دىللارغا تۇرغاندەك كۈلۈپ.
ئات سالدى ئۇچقاندەك ۋەتەنگە قاراپ،
ئۇ ئىدى شۇ تاپتا شۇ قەدەر تىمەن.
باي ئۇقۇپ بۇ ئىشنى ئارقىدىن قوغلاپ،
ئات سالدى يۈزلىگەن ئادەملەر بىلەن.
شۇنچە قىپ يېتەلمەي ئارقىدىن ئۇلار،
قايتىشتى چۇش پەيتى ھالىدىن كېتىپ.

----

① كۇللۇك ـ بەيگىگە سالىدىغان يۈگۈرۈك ئات.

قۇلچاقنىڭ بەختىگە تۇغۇلدى باھار،
ئاخىرى قۇللۇقتىن ھۆرلۇككە چىقىپ.

* * *

## بالا كەلسە قىرىنداشتىن

مەردانە، بەستلىك يېتىلگەن قۇلچاق،
كەلدى ئۇ ئاخىرى چۇشمانغا يېتىپ.
قەلبىدە شادلىقتىن چېقىلدى چاقماق،
ئىچكەندە يۇرتىنىڭ سۈيىنى قېنىپ.
كەتكەنتى ئاتا ۋە ئانىسى ئۆلۇپ،
ماتەملىك قارايتتى تاغ، جىرا، ئەتراپ.
غەزەپتىن ئۇ ئۆتتى قاقاقلاپ كۇلۇپ،
كۆزىدە ئۆچلۇكنىڭ نۇرلىرى چاقناپ.
ئىنتىقام ئېلىشچۇن قاراقچىلاردىن،
توپلىدى يېنىغا قابىل ياشلاردىن.
ئادالەت تۇغىنى كۆتۇرۇپ ئېگىز،
قىرىشچۇن باسمىچى، يوغلۇق باشلاردىن.
تىزناپنىڭ كەڭ كەتكەن شۇۋەرلىكىدە
باشلاندى ئۆزئارا ئېلىشىش-مەشىق.
قۇلچاقنىڭ باشلامچى رەھبەرلىكىدە،
ياسالدى قىلىچ، ئوق ۋە قارا مىلتىق.
سەرقولنى قۇتقۇزۇش زومىگەرلەردىن
ئۇلارنىڭ بىردىنبىر شوئارى ئىدى.

ۋە ئامان ساقلاشتى ياۋۇز كۆزلەردىن،
خەلقنى، تاغ ـ ئېدىر، بىر سۈك يېرىنى.

*           *           *

سەرقولغا ھاكىمبەگ ئىدى مۇھەممەدشاھ.
تاجىكنىڭ ئۆز قېنى، پۇشتىدىن بولغان.
ناقابىل بولسىمۇ، مەنچىڭخان ئاڭا
بېرىپ پۇل، خېلى چوڭ مەنسەپكە قويغان.
مۇھەممەدشاھ كېلەتتى قۇلچاقتا تاغا.
(تۇغقانلىق يىلتىزى تۇتاش ئىدى بەك).
شۇ سەۋەب چېرىك قىپ ئالدى يامۇلغا.
قۇلچاقنى قىلماق بوپ ئۆزىگە تىرەك.
چېرىكلەر مەشىقتىن تاپسا ماھارەت،
ياۋلارغا تاقابىل تۇراتتى بەردەم.
قۇلچاقنىڭ پىلانى ئىدى ھەقىقەت،
شۇملۇقنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى مەلھەم.
قۇلچاق ئۇ باشلامچى بولۇپ مەشقاۋۇل،
مەشىققە سالدۇردى چېرىكلىرىنى.
تۇتۇپ ئۇ ھەقىقەت گەردىشىدىن يول،
ئويغاتتى يارۇدوست، شېرىكلىرىنى.
قۇلچاقنىڭ ھۆرمىتى ئاشتى ئاي ـ كۈنلەپ،
ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ نامى.
بۇ ئىشتىن مۇھەممەدشاھ ئۆتتى ئوغا يەپ،

شادلىقتا تولمىدى كۆڭلى ـ ئەييامى.
قولچاققا كىرىشتى توقۇشقا بەتنام،
يوقىتىش كويىدا ئۇنى كۆزلىدىن.
ئامبالغا ــ يەكەنگە يوللىدى سالام،
خەت پۈتۈپ بۆلگۈنچى ـ نىزا سۆزلىدىن:
«جانابىي ئامبىلىم، تاپقايلا خەۋەر،
دىيارىم سەرقولدا يۈز بەردى ئاپەت.
قولچاق دەپ چىقتى بىر ساتقىن ـ مۇغەمبەر،
شۇ قەدەر ئىغۋاچى، تەلۋە، بەتنىيەت.
توپلىدى ئۆزىگە ئەسكەر ھەم شېرىك،
ئۇ بىزگە ۋە خانغا چىقارماقچى ئوق.
قىرقىمىساق قانىتىن، ئۇ ئەبلەخ تىرىك
كۆمگۈسى بىزلەرنى ئىشلىتىپ زورلۇق».

*　　*　　*

يەكەننىڭ قاراڭغۇ، تار ـ زەي زىندانى
«كۆتۈۋالدى» قولچاقنى، شېرىكلىرىنى.
سەرقولنىڭ شۇ باتۇر ـ قەيسەر ئوغلانى.
بىلسىمۇ شۇملۇقنىڭ نېمىلىكىنى.
مۇھەممەدشاھ مۇرادقا يەتتى ۋە لېكىن،
بەتنىيەت ھامىنى يەيدۇ بېشىنى،
ئۇ قانداق كۆڭلەرگە قالاركىن كېيىن،
چىدىدى قەستلەشكە قېرىندىشىنى.

ھەسەتخورلۇق چىرمىشالغاچ دىلىنى،
پالتا چاپتى مۇھەممەدشاھ ئۆز پۇتىغا.
مانا ئەمدى قۇتقۇزالماي جېنىنى،
جان بەرمەكچى ياۋ ــ سۇدۇرنىڭ قولىدا.
ئاتا بىر جۇپ قانات ئىدى شىر قولچاق،
بىلەلمىدى بۇنى ئاشۇ كالتە پەم.
سولاتقۇزۇپ ئۇنى ئارام تاپمىدى،
بولالمىدى سەلتەنەتتى مۇھتەرەم.
قوقەند بېگى كىردى يەنە دېۋەيلەپ،
تاپىنىدا چەيلەپ گۈلزار ـ چىمەننى.
ياۋۇزلۇقى ئاشتى ياۋنىڭ ھەسسىلەپ،
ئۇنتۇپ زىنھار ئادىمىيلىك دېگەننى.
لەشكەر بېشى سۇدۇر① دېگەن قاراقچى
تېگىش قىلدى تاش شەھەرگە باستۇرۇپ،
ھەر تەرەپتىن قورشاپ چىرىك، ئايغاقچى،
چىقتى قويماي ئۆي ـ ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ.
مۇھەممەدشاھنى تۇتۇپ چىقىپ بوينىدىن
باغلاپ قويدى سەينادىكى تۇۇرۇككە.
ياۋۇزلارغا كۆكرەك كېرىپ ئورنىدىن
تۇرالمىدى، ئىنتىلسىمۇ ھۆرلۈككە.

---

① سۇدۇر ــ قوقەند باسمىچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى.

ئبشەك مىسال باغلانغاندا مۇھەممەدشاھ،
بىلدى ئاندىن قېرىنداشنى، مەلئۇننى.
ئۇ چۈشەندى قىلغىنىنى چوڭ گۇناھ،
ئۆچۈرگىنى ئۇچۇن كۆيگەن يالقۇننى.
سولاتقاچقا ئۇ قۇلچاقنى بىگۇناھ،
قىلدى پۇشمان، چېكىپ ئازاب ئاقىۋەت.
نە يەتكۈسى پۇرسەت كېتىپ چەككەن ئاھ،
شىر يۈرەكنىڭ قۇلىقىغا، بولدى لەت!
تەخت، ئەمەل تەڭ يوقالدى قولىدىن،
مۇھەممەدشاھنىڭ قەلبى بولدى لەختە قان.
ئەجەل پۇراپ تۇرار ئىدى يولىدىن،
قاپقاراڭغۇ، تار بىلىنىپ بۇ جاھان.

* * *

«سەرقول قولىدىن كەتتى» دېگەن شۇم خەۋەر
بېرىپ يەتتى قۇلىقىغا قۇلچاقنىڭ.
ئۇ غەزەپتە تىترەپ كەتتى شۇ قەدەر،
يېگىنىدەك قەلبى بىسىن پىچاقنىڭ.
«گۇناھى»نى ئاقلاش ئۈچۈن ئامالدىن
ئۇ ئۆتۈندى بىر رەت پۇرسەت بېرىشنى.
بېرىپ دەرھال، ئۆتۈپ تاغ ۋە دەريادىن،
سەرقولدىكى باندىتلارنى قىرىشنى.
ئامال ماقۇل كۆرۈپ قۇلچاق سۆزىنى،

قوشۇپ بەردى ئاڭا نەچچە يۈز چېرىك.
ئازاد قىلدى سەپداشلىرى، ئۆزىنى.
بەدىلىگە يۇدۇپ شۇنچە ئىغىر «يۈك».
قۇلچاق سەردار بولۇپ قوشۇن توپىغا،
سەرقول تامان تۈنجى جەڭگە ئاتلاندى.
ئەل ـ يۇرت غېمىدىن پۈكۈپ ئوتلۇق دىلىغا،
كۆلپەتلەرنى ئۇنتۇپ، قەۋەت شادلاندى.

*　　*　　*

ئاڭلاپ قۇلچاق خەۋىرىنى قاراقچى ـــ
كاتتىۋېشى چۆچۈپ كەتتى شۇ ھامان.
چۇمۇلىدەك پىتىراپ چېرىك، ئايغاقچى،
قاچماق بولدى ئۆز ئىلىگە شۇل تامان.
ھەيدەپ ماڭدى بۇلاپ ماڭغان چارۋىنى،
ئاقچىلارنى يۈكلەپ ئاتقا، تۆگىگە.
ئاڭلىمىدى يېتىملەرنىڭ زارىنى،
قان تىقىلغاچ ياۋنىڭ كۆكۈچ كۆزىگە.
جاندىن جۇدا قىلدى سۇدۇر شۇ مەھەل،
مۇھەممەدشاھنى، بالىلىرىنى تىغ ئۇرۇپ.
ئىچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتتى بۇ بەتبەخت،
ياۋ قولىغا چۈشۈپ، ياۋغا يالۋۇرۇپ.

## قۇياشقا تۇتاشقان روھ

سۇدۇر تاشلاپ قاچتى بۇلاپ ماڭغاننى.
يېتىشكەندە ئاڭا قۇلچاق ئەسكىرى.
يىلپىز ھىدى قاچۇرغاندەك قاۋاننى،
پىتىراپ كەتتى زالىم ياۋنىڭ لەشكىرى.
چېكىندۇرۇپ باندىتلارنى قۇچتى شان،
ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ ئامبالغا.
سەلتەنەتنى قولغا ئېلىپ شۇ ھامان،
كەلتۇردى بەت ۋەزىيەتنى خوپ ھالغا.
تارتىۋالغان مال - مۇلۇكنى دۇشمەندىن،
ئېگىسىگە بەردى قۇلچاق قايتۇرۇپ.
سۇنغان دىللار سۆيۈنگەچكە مەرد ئەردىن،
بولدى خۇشال، ئاڭا ئالقىش ياغدۇرۇپ.
ئەمىن تېپىپ ئامبال كۆڭلى يەكەندە،
بىسەرەمجان دىلى چۇشتى جايىغا.
قۇلىقىغا خۇش خەۋەرلەر يەتكەندە،
خانغا ئاتاپ نامە پۇتتى شايىغا.

* * *

خاندىن پەرمان چۇشتى نەچچە ئاي ئۆتۇپ.
ھاكىمبەگ بوپ ئۆستى قۇلچاق سەرقولغا.
سەرقول خەلقى مەرد ئوغۇلدىن سۆيۈنۇپ،
نەغمە بىلەن چۇشتى خۇشال ئۇسسۇلغا.

كۆنلەر ئۆتتى جىمجىت، خۇشال شۇ قەدەر،
ئەمما، شۇملۇق يەنە سايە تاشلىدى.
يېڭىلگەچكە سۇدۇر قىپچىپ دەربەدەر،
قوقەند خانى ئۈچ ئالماقنى باشلىدى.

* * *

داۋگۇاڭنىڭ ئون ئۈچىنچى يىللىرى،
تاجاۋۇزچى نۇرباي① ئاتلىق كىرگەندە.
ئەتراپ ئىدى شۇ قەدەر جىم، تىپتىنچ،
كۆرەڭلىكى تۇتتى ئۇنىڭ شۇ يەردە.
ئويلىدى ئۇ: قۇلچاق دېگەن نېمىتى؟
يەكسان قىلاي ئۇنىڭ نادان توپىنى.
كۆرۈپ قويسۇن گۇۋاھ بولۇپ تاش شەھەر،
مەن نۇرباينىڭ زايە كەتمەس ئوقىنى.
بىلىپ قالسۇن يىراقتىكى خان ئاتام،
ئەتە-ئۆگۈن زور غەلىبەمنى ئۇققاندا.
نۇرباي ماڭار ئىدى سەپتە خىرامان،
خىيالىدا ئۇچۇپ پەلەك-ئاسماندا.
تۇيۇقسىزلا «ھۇررا» دېگەن ئاۋازدىن
يەرۇجاھان كەلدى شۇئان لەرزىگە.
بۇركۈت شۇڭغۇپ چۈشكەن كەبى پەرۋازدىن،
ئوقلار ياغدى كەلگەن دۈشمەن بەستىگە.

----

① نۇرباي — قوقەند خانىنىڭ قوشبېگى.

كۆمۈش ساپلىق شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ.
قۇلچاق ئوقتەك ئۆتتى سەپنىڭ ئالدىغا.
قىلىچ سالدى ياۋ كۆكسىگە پاتۇرۇپ،
ئات ئۈستىدە داجىماستىن ئارقىغا.
هايال ئۆتمەي چۈشتى يەرگە دومىلاپ.
قازان بېشى قوڭۇر چاچلىق نۇربايىنىڭ.
قاچتى قوقەند لەشكەرلىرى هاسىراپ.
تۈپرىقىغا قاراپ شۇئان ئالايىنىڭ.
قۇلچاق باشلىق غىلمان تاجىك ياشلىرى
چېكىندۈردى ياۋنى قىلىپ سۈر توقاي.
زوراۋانلىق قىلغانلارنىڭ باشلىرى
قالدى بۇندا قىينى ئېقىپ توختىماي.

* * *

يېڭىلگەچكە بۇ نۆۋەتمۇ ئۇرۇشتا،
ۋەهشىيلەشتى مەدەلىخان ھەسسىلەپ.
كۆپلەپ قوشۇن يىغدى هۇجۇم قىلىشقا.
قايتا جەڭدە تۇرۇش ئۈچۈن پۇت تىرەپ.
دېدى: «جەڭدە» يېڭىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال
يوقاتقۇلۇق قۇلچاقنى پەم ـ قەست بىلەن.
تاپماق لازىم بوڭا تەدبىر، كۈچ ـ ئامال،
سەردار، سەرۋاز تەڭ باش قوشۇپ خوپ بەلەن.
قۇلچاق ئۆلسە بىزنىڭ دېمەك تاش شەهەر،

ئۇ بولمىسا كۆچى چاغلىق باشقىنىڭ.
سەرقولنى بويسۇندۇرساقلا بىز ئەگەر،
خانلىق بولۇر شاھى يەر-مال، ئاقچىنىڭ.
مەدەلىخان شۇنداق كېڭەش ئۆتكۈزۈپ،
يولغا سالدى ئىككى مىڭچە چېرىكنى.
ئايغاقچىغا يالغان خەۋەر يەتكۈزۈپ،
لېيىتماقچى بولدى سۇنى-ئېرىقنى.

* * *

«ياۋنى ئەمدى تاغدۇمباشقا كەلمىش»دەپ،
خەۋەر كەلدى سەرقول بېگى قۇلچاققا.
ساتقىنلارغا ئايغاقچىلار پۇل خەجلەپ،
بۇ خەۋەرنى تاراتقۇزدى ھەر ياققا.
كىم پەم ئەتسۇن، ئۆزىدىن كەلگەن شۇملۇقنى،
قۇلچاق كۆچنى تاغدۇمباشقا يۆتكىدى.
ئۆزى قېلىپ تاش شەھەردە، قوۋۇقنى-
قوغداش ئۈچۈن ئۇ تەرەپكە ئۆتمىدى.
كەلدى دۈشمەن خۇددى قارا قۇيۇندەك،
ئاۋۋالقىدەك يەنە چۇشمان تەرەپتىن.
قۇلچاقنىڭ يۈز ئادىمىدىن سىرت، دېمەك،
ياردەمچىسى يوقتى بۇ چاغ بۆلەكتىن.
تاش شەھەرنى قورشىۋالدى دۈشمەنلەر،
باشلاندى تېز شىددەت بىلەن ئېتىشىش.

ئىس ـ تۈتەككە تولدى تىتىرەپ ئاسمان ـ يەر،
داۋام قىلدى ئون كۈن ئۇدا ئېلىشىش.
مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن ئوق يەپ بەردى جان،
قۈلچاقىنىڭمۇ قالدى بىرلا ئەسكىرى.
ئىلاج بولماي كۆپ دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
زەخىملەندى قۈلچاقىنىڭمۇ كۆپ يېرى.
ئون بىرىنچى كۈنى جەڭنىڭ تاڭ سەھەر،
شەپەق نۇرى يېيىلغان چاغ ئۇيپۇقتا.
تاش شەھەرنى ئوققا تۇتتى دۈشمەنلەر،
يەنە قايتا ھۇجۇم قوزغاپ قوۋۇقتا.
رەھىمسىز ئوق كېلىپ تەگدى يۈرەككە،
قۈلچاق بەگ ئاھ، سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى.
مۇسىبەتتىن ئاھلار يەتتى پەلەككە،
تۆكۈپ يامغۇر كۆكتە چاقماق چېقىلدى.
كۈھىستان يۇرت چۆمۈپ چەكسىز ماتەمگە،
بۇ قەھرىمان ئوغلى ئۈچۈن تۆكتى ياش.
كەلدى قىسقا بۇ ئوت يۈرەك ھاتەمگە
ئۆزى سۆيگەن ئادالەتنى دەپ ياشاش.
قەھرىماننىڭ كۆكرىكىدىن ئاققان قان
تاش قەلئەنى قىزىل رەڭگە بويىدى.
روھى ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قۇياشقا،
تەپتى ئەلنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورنىدى.

قۇلچاق كەتتى، بىراق ئۇنىڭ يول ـ ئىزى،
قالدى مۇندا مىڭلاپ دىلغا كۆچ بېرىپ.
ياۋغا قارشى ئەلنىڭ ئاشتى جۇرئىتى،
ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن جان تىكىپ.
توختاتمىدى شۇندىن باشلاپ كۆرەشنى،
زوراۋانغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇپ.
ئەل كۆرەشتىن تاپتى تىنچلىق، گۈللەشنى،
ۋەتەن ئازاد بولۇپ، سۇبھى ـ تاڭ يورۇپ.

## خاتىمە

داستانىم پۈتتى، لېكىن كەلدى چولتا ـــ
قەلىمىم قەھرىمانىنى سۆيەتلەشكە.
تاۋلاندى قەلبىم، ئەمما ئۇلۇغ روھتا،
ياشاشتىن مۇددىئانى سېلىپ ئەسكە.
ۋەتەنگە، مىللىتىگە ساداقەتنى،
بېغىشلاپ ياشاش ئۇلۇغ نەقەدەر ـ ھە.
ياراتتى قەھرىمانلار سائادەتنى،
ئەۋلادلار بەختى ئۈچۈن ھەر قەدەمدە.
يىپپېڭى ئەسىر بويلاپ ئالغاندا يول،
ئەجدادلار ئىزى بولغاي بىزگە ماياك.
شۇ ئۇلۇغ روھتا ماڭساق تۇتۇشۇپ قول،
دەۋرانىم گۈللەپ، كۈلەر بۇ ئانا خاك①.

----

① خاك ـــ تۇپراق.

[General Information]
书名=塔吉克人心目中的我　维吾尔文
SS号=40229168